# شىنجاڭ ياشلىرى

新疆青年



1986 8





- ياشلارغا يۆلەك، ياخشىغا قولداش
- يامانغا بەرھەم، ھاياتقا يولباش
- ئۇچقۇرغا قانات، دوستلارغا قاياش
- ئاقىللىغا ياراق، يولچىغا يولداش
- خۇشبۇي چېچەكتىن بەھىر ئىزدەر كىم
- بۇ گۈلزار ئارا نا ئۈمىت قالماس

XINJIANG YOUTH








(1) ئاتلىنىش

(2) قەھرىمان جىنۇ شاۋنۇڭنىڭ قىرىندىشى جىنۇ گۇاڭجۇڭ ئالدىنقى سەپتە.

(3) لاۋشەن تېغىدىكى ئۇھىنكارلار.

(4) لاۋشەن ئالدىنقى سېپىدىكى ئۇيغۇر جەڭچى ئابلىكىم.





ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئىستىلى پۈتۈن ئىشتىماقتا ئەۋج ئالسۇن (1)

**ئىشلىگەننىڭ يۈزى يورۇق**

تراكتور ئوت ئىچىدە قالغاندا ............ مەممەدجان ئىسمايىل (2)
جەڭچىلەر خەلقنىڭ قەلبىدە ............ تۇرسۇن نىياز (3)

**كېڭەشلىك ئىش بۇزۇلماس**

كېڭەشنىڭ قاراش توغرىسىدا ياشلار بىلەن سۆھبەت ............ ب. توختى (4)
دەسلەپكى ئوت مىنۇتىنىڭ رولى ............ (12)
تويدىن كېيىنمۇ مۇھەببەتنى قەدىرلەش كېرەك ............ تۇرسۇن نىياز (14)

**بىلگىنىڭنى ئەلدىن يوشۇرما**

خاتالىقمۇ بىر ئەينەك ............ (5)
ھېسسىياتتا بۆلۈنۈش بولغاندا ............ (24)
تۇرمۇشنىڭ دىئالېكتىكىسى ............ ن. ئىبراھىم (34)

**ئالدىنقىلاردىن ئۆرنەك**

لېنىننىڭ ماقالە ئەۋەتىشى (ئۈچ پارچە) ............ (6)
قەتئىي تەۋرەنمەسلىك (ئۈچ پارچە) ............ (7)

**يىللار ۋە قەلەر**

ھەل قىلغۇچ پەيتتە ............ (8)

**كىچىك ئۆمۈلۈكتە**

ئۈزۈلمەس رىشتە ............ ئابلىمىت توختى (11)

**ئوغۇل-قىزلاردىن سوئاللار**

جاسارەتلىك ئايالنىڭ سەرگۈزەشتىسى ............ (13)
ھەمداشلىق قىلىشمۇ دوستلۇقنىڭ ئىپادىسى ............ غوپۇر قۇربان (39)

**چوقان، چوقان، چوقان**

ياشلىقىمىزنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتمەيلى ............ مۇھەممەد ياسىن (16)

**گەپ بىر، قۇلاق ئىككى**

پەرزەنتلەرنىڭ تەقدىرى ھەققىدە سۆز ئاچقاندا ............ ئا. مەھەممەد (17)

**كىتابخانلار مەجلىسى**

«تىكەنلىك» گۈلدىكى خۇش پۇراق ............ مەھەممەد ئەيسا قازى (18)
بۇ ئىشقا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىش كېرەك ............ تۇرسۇن تۇرەك (19)

**يىللار ۋە ئادەملەر**

ئاجايىپ مۇھەببەت ۋە ھايات ............ (20)

**ئالىملار ئىشى**

بىۋاسىتە تەجرىبىدىن كېيىن ............ (22)
بىلىكى يوق ئىسكىرىپكىچى ............ (23)

**كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس**

21- ئەسىردىكى كىنوخانىلار ............ (25)

**يول سورىغان يولدىن ئازماس**

قانداق قىلسام ئۈنۈملۈك بىلەن ئىشتىپاقلىشالايمەن ............ ماھىرە (26)
بۇ قىلماقچى بولغانلىرىم توغرىمۇ ياكى خاتامۇ؟ ............ ئايشەم (27)

**ساغلام تەندە ساپ ئەقىل**

ھېسسىيات ۋە ساغلاملىق توغرىسىدا ئىككى ئېغىز سۆز ............ (28)




مۇقاۋىدا:
باش ناخشىچى شامىل
ۋاڭ جولى فوتوسى

## مۇندەرىجە


باش مۇھەررىر:
ئەبەيدۇللا ئىبراھىم
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
ۋاڭ جيالۇن، شى داۋمىڭ

مۇدىر مۇھەررىر:
ساۋۇت سالاھىدىن

مۇئاۋىن مۇدىر مۇھەررىر:
مامۇت ئەھمەد

نۆۋەتچى مۇھەررىر:
ئەربىيە روزى

رەسسام ۋە خەتتات:
ئىسمايىل ئىبراھىم
ئابلىمىت ئابلىز
مەھەممەد ئايۇپ

### ياشلار كلۇبى

ئۇ نېمىگە سەل قارىغان ...... (29)

### شېئىرىيەت گۈلزارى

جەڭچى ئوغلۇمغا ...... ساتتار توختى (30)

ۋەتەن مۇھەببىتى ...... قاسىم ھاشىم (30)

ۋەتەن مېھرىنى ئاقلايمەن ...... مەتقۇربان ئىسمايىل (31)

### خەتتاتلار كۆرىكى

تاللانغان ھۆسن خەتلەر ...... (32)

### مەدەنىي ماياك

باش ئۇسۇل ئىجادىيەتچىسى — تىلىمان ...... ئابدۇرېھىم سىدىق (33)

### ئەل ئىچى - ئالتۇن بۆشۈك

يېشىللىققا پۈركەلگەن تاشقەلئە ...... (35)

### ياشلار مۇنبىرى

ئىتتىپاق ئەزالىرىنىڭ ......ئەركىن سەمەت (36)

ئۇلار ئاپەتكە ئۇچرىغاندا ......سەمەت سالى (36)

### تۇرمۇشىمىز ئۈچۈن مەسلىھەت

ئېلېكترونلۇق قول سائىتى ئىشلەتكەندە ...... (38)

### دۇنياغا نەزەر

بۈگۈنكى دۇنيادىكى ھازىرقى زامان كېسەلى ...... (40)

### غىدىق، غىدىق، غىدىق

ئۇچۇر ئىنكاسى ...... مەتسابىر روزى (41)

### تاغدىن - باغدىن

ئويلىمىغان يەردىن ...... (44)

### يىپەك ۋادىسىدىن سۆز

شەرق - غەرب ئوتتۇرىسى — خونجىراب ...... شېرىن قۇربان (46)

### ياخشى ئادەم يېنىمىزدا

خەتەرلىك پەيتتە ...... رەھمىتۇللا (48)

### ئالەمدىن ئۇچۇر

ئەگەر قۇياش ھالاك بولسا ...... (49)

### مۆجىزىلەر دۇنياسى

دىياۋانكۇ خارابىلىقىدىكى سىر ...... (51)

### بىلىم - ئەقىل چىرىغى

گۈل ۋە تەبەككۇر (تۆت پارچە) ...... (54)

ب د ت بىناسىدىكى ... (تۆت پارچە) ...... (55)

### ياشلار ئەدەبىياتى

خاتا چۈشىنىپ قاپسىز (ھېكايە) ...... ئەخەد ئوبۇلقاسىم (57)

مەككارلىق سۈرىتى (فېليەتون) ...... ھەسەن رېھىم (60)

### تىكەن، تىكەن، تىكەن

ھەجۋىي رەسىملەر ...... (62)




مۇقاۋىنىڭ كەينىدە: شاقىراتما يالاجىلىك فوتوسى

## مۇندەرىجە


سىياسىي، نەزەرىيەۋى، پەننىي، ئەدەبىي ئايلىق ژۇرنال

ھەر ئاينىڭ 1 - كۈنى نەشردىن چىقىدۇ.

قەرەللىك ژۇرناللار تىزىملىكىدىكى نومۇرى (810)

باھاسى: 0.25 يۈەن

«شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تەرىپىدىن تارقىتىلدى

# ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەش ئىستىلى پۈتۈن ئىتتىپاقتا ئەۋج ئالسۇن

**«جۇڭگو ياشلىرى» گېزىتىنىڭ باشماقالىسى**

بۇ يىل ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ قىزغىن قوللىشى، ئاساسىي قاتلامدىكى ئىتتىپاق ئەزالىرىنىڭ، ياشلارنىڭ پائال ماسلىشىشى ئارقىسىدا كەڭ ئىتتىپاق كادىرلىرىنىڭ جاپالىق تىرىشىشى ئارقىلىق پۈتۈن ئىتتىپاقنىڭ ئاساسىي قاتلامغا چۆكۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى تۇتۇشىدا خۇشاللىنارلىق ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. لېكىن سەگەكلىك بىلەن شۇنى كۆرۈشىمىز كېرەككى، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش خىزمەت ۋەزىيىتى تېخى ئورۇنلىنىشتىن يىراق. پۈتۈن ئىتتىپاقتىكى يولداشلار يەنە روھىنى ئۇرغىتىپ، جاسارەت بىلەن داۋاملىق تىرىشىشى لازىم. يېقىندا ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى سېكرېتارىياتى پۈتۈن ئىتتىپاقنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىللىق ئاساسىي قاتلامغا چۆكۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش خىزمىتىنىڭ ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلىپ «بۇ خىزمەتنى تۇتۇشنى يىل ئاخىرىغىچە قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، ئىتتىپاق 12- قۇرۇلتىيىنىڭ چاقىرىلىشىغا پۇختا ئاساس سېلىش، كېيىنكى ئىككى يىلدا ئىسلاھاتتا تېخىمۇ زور قەدەم تاشلاش ئۈچۈن، ئىدىيە، تەشكىلىي جەھەتتىن تەييارلىق قىلىش كېرەكلىكىنى» ئوتتۇرىغا قويدى.

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا چوقۇم ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەشنى تەشەببۇس قىلىشىمىز لازىم. ھەرقايسى جايلارنىڭ كونكرېت ئەھۋالى ئوخشىمايدۇ. خىزمەتنىڭ ئۇسۇللىرىنىمۇ ئالاھىدە بەلگىلەش ياكى خىزمەتلەرنى ئىجادىي يوسۇندا ئىشلەش كېرەك. لېكىن ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەشتىن ئىبارەت بۇ ئورتاق نۇقتىدا ئازراقمۇ مۈجمەللىشىشكە بولمايدۇ. ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش جەريانىدا شەكىلۋازلىقنى قەتئىي چەكلەش زۆرۈر. چىرايلىق ئەمما تەمسىز نەرسىلەرنى ئاساسىي قاتلامغا بارغاندا چوقۇم چۆرۈپ تاشلاش، ئىتتىپاق كادىرلىرى، ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ياشلار بىلەن كەڭ دائىرىدە ئۇچرىشىپ، ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق تەشكىلىنىڭ «ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىش» ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن بىر نەچچە ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىش، بولۇپمۇ ھېلىقىدەك ئايلىنىپ قويۇپلا خىزمەتتىن دوكلات بېرىدىغان ئىدىيە ۋە ئۇسۇللارنى تۈگىتىش كېرەك.

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا بۆسۈپ ئۆتۈش ئېغىزىنى دەل تاللاش، مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۈزۈلدۈرمەي، ھالقىنى- ھالقىغا ئۇلاپ ئىتتىپاقنىڭ ئاساسىي خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. ئىتتىپاق رەھبەرلىك ئورگىنىنىڭ كادىرلىرى تۆۋەنگە چۈشكەندە ئاۋۋال شۇ يەرلىك ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق كادىرلىرى بىلەن ئورتاق مۇزاكىرىلىشىپ تەتقىق قىلىپ، ئەمەلىيەتنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ، ئاجىزلىقنى تېپىپ چىقىپ، مۇھىم نۇقتىدا بۆسۈش ھاسىل قىلىپ، خىزمەتتىكى قانۇنىيەتلىك مەسىلىلەرنى چوڭقۇر قېزىپ ھەل قىلىش، چارە- تەدبىر تېپىپ چىقىش كېرەك. ئېغىش خاراكتېرلىك مەسىلىلەرنى سەزگەندە دەرھال ئۆز ۋاقتىدا يېتەكلەش لازىم. ئەلۋەتتە، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش خىزمىتىدىمۇ بىر جەريان بولۇش، ھەرگىزمۇ ئالدىراڭغۇلۇق قىلماسلىق، خىزمەتنىڭ دەرھاللا ئۈنۈمى كۆرۈلمىسە سۇسلىشىپ كەتمەسلىك كېرەك. سەۋرچانلىق ۋە سالماق بولۇپ ھەرگىزمۇ يېرىم يولدا توختاپ قالماسلىق كېرەك.



# تىراكتور ئوت ئىچىدە قالغاندا...

ئۆتكەن يىلى 10 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، چىمرىيە بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يېقىندىن قۇرۇلغان بورداقچىلىق فېرمىسىدا قويلارنىڭ يەم - خەشىكى ئۈچۈن يىغىپ كېلىنگەن 50 مىڭ جىڭدىن ئارتۇق ئوت - چۆپنى تەييارلاش ئۈچۈن ئوت-چۆپ توغراش ماشىنىسىنى تراكتورغا چېتىپ ھەرىكەتلەندۈرۈش ئارقىلىق جىددىي مەشغۇلات ئېلىپ بېرىۋاتقاندا، تۇساتتىن ئوت- چۆپ دۆۋىسىگە ئوت كېتىپ تراكتور ئوت ئىچىدە قالىدۇ. كىشىلەر ئوتقا سۇ ۋە توپا چېچىپ باققان بولسىمۇ، لېكىن، شامال كۈچلۈك، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوت - چۆپنىڭ ھەممىسى قۇرۇق بولغانلىقتىن ئامال قىلالمايدۇ. مانا مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان ياش خەلق ئەسكىرى مەمتىمىن مەتتوختى ئۈستى-بېشىنى ھۆللەپ لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوت يالقۇنى ئىچىگە بۆسۈپ كىرىدۇ - دە، تراكتورنى تېز خوتتا ھەيدەپ سىرتقا ئېلىپ چىقىدۇ. بۇ چاغدا ئوتنىڭ ھارارىتىدىن قىزىپ كەتكەن تراكتورنىڭ رولى ئۇنىڭ ئالقىنىنى كۆيدۈرۈپ تېرىسىنى يۇلۇۋالىدۇ. كىيىملىرى سارغىيىپ كېتىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇ قىلچە ۋايسىمايدۇ. بۇنى كۆرگەن ئامما: «ئۇ جەڭچىلەرنىڭ ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان قەيسەر روھىنى نامايەن قىلدى» دېيىشىدۇ. (4) (مەممەدجان ئىسمايىل)

◁〰〰〰〰〰〰〰〰〰〰〰〰▷

«توي ئىشلىرىمىز ئۈچۈن كۆپ چىقىمدار بولدۇق، ئەمدى كېلىپ تۆشۈك كۆكلىكى ئۈچۈن پۇل خەجلىمەيلى دېگەنلار قەرز ئۈستىگە قەرز بولۇپ قالىمىز. تۆشۈك كۆكلىكى ئورنىغا ماڭا بىر قانچە توخۇ ئېلىپ بېرىڭ».مانا بۇ-ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ ئاغۇ يېزا يۇقىرىقى مەھەللە 7- ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدىكى بۇۋىگۈلنىڭ قېيىن ئاتىسىغا ئېيتقان سۆزى.

• بۇۋىگۈل توي قىلىپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن قېيىن ئاتىسى ئابدىقادىر ئاكا ئۇنىڭغا «تۆشۈك كۆكلىكى» ئېلىپ بەرمەكچى بولىدۇ. لېكىن بۇۋىگۈل ئۇلارنى چىقىمدار قىلىشنى خالىمايدۇ - دە، يۇقىرىقى مەسلىھەتنى بېرىدۇ.

ئابدۇقادىر ئاكا كېلىنىنىڭ بۇ ئاقىلانە مەسلىھىتىدىن چوڭقۇر تەسىرلىنىپ يەتتە يۈەن خەجلەپ يەتتەدانە چۈجە ئېلىپ بېرىدۇ. بۇۋىگۈل چۈجىلەرنى ياخشى پەرۋىش قىلىپ باققانلىقتىن ھەممىسى ئەي بولۇپ تۇخۇم تۇغۇشقا باشلايدۇ. ھازىر بۇۋىگۈل توخۇ كىرىمى بىلەن ئائىلىسىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى ھەل قىلغاندىن سىرت، پۇل ئېشىنىپ «تۆشۈك كۆكلىكى» مۇ سېتىۋالىدۇ. بۇ ئەھۋالدىن ئىنتايىن خوشال بولغان ئۇنىڭ قېيىن ئاتىسى كۆرگەنلىكى كىشىلەرگە: بۇ ھەقىقەتەن ئەقىللىق كېلىن ئىكەن، دەپ ماختاپ بېرىدۇ. (4) (مامۇت خۇدابەردى)



# ئەقىللىق كېلىن



# جەڭچىلەر خەلقنىڭ غېمىدە

كۇچا ناھىيىسىدە تۇرۇشلۇق 36106- قىسىم 68-ئەترەتتىكى كەڭ كادىر- جەڭچىلەر شۇ جايدىكى ئامىمىغا كۆپلەپ ياخشى ئىش قىلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ قىزغىن ماختىشىغا سازاۋەر بولدى.

بۇ يىل 3- ئاي كىرىشى بىلەن تەڭ جەڭچىلەر ئۆزىگە قوشنا بولغان قۇمئېرىق كەنتىنىڭ 5- ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدىكى ياشلارنىڭ پەن- تېخنىكا بىلىملىرىگە بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، 150 پارچىدىن ئارتۇق كىتاب- ژۇرنال سېتىۋېلىپ، بىر ئېغىز قىرائەتخانا قۇرۇپ بەردى. شاھمات- كالاكچۇر، تىكتاك توپ تاختىسى قاتارلىقلارنى ئېلىپ بېرىپ، ياشلارنىڭ مەدەنىي پائالىيىتىنى جانلاندۇردى. بىر قىسىم ئارقىدا قالغان ياشلارغا قانۇن- تۈزۈم توغرىسىدا دەرس ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ ئالغا بېسىشىغا ياردەم بەردى. دۆي ئەزالىرىنىڭ تېلېۋىزور كۆرۈش ئارزۇسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ھەر كۈنى تېلېۋىزورنى سىرتقا ئېلىپ چىقىپ قويۇپ، ئۇلارنى يېڭى خەۋەرلەر بىلەن تەمىن ئەتتى. يەنە بىر قىسىم قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرنىڭ تېرىلغۇ ئىشلىرىغا ياردەملەشكەندىن باشقا 750 تۈپتىن ئارتۇق كۆچەت تىكىپ بەردى. ئەترەتنىڭ ئۈچ ئۆستىڭىنى ۋە ناھىيىگە بارىدىغان يولنى بەش قېتىم رېمونت قىلىپ راۋانلاشتۇرۇپ بەردى. (4)

(تۇرسۇن نىياز)

---

يوپۇرغا ناھىيە تېرىم يېزا تۇزيانتاق 8- كەنت 4-مەھەللىدە ئولتۇرۇشلۇق 21 ياشلىق قىز ئالتۇنخان سامساقنىڭ ئىككى پۇتى تۇغما پالەچ بولۇپ، يىللاردىن بۇيان ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنىڭغا ياخشى قاراۋاتقان بولسىمۇ لېكىن، ئۇ شۇنچە ياشقا كىرگەندىمۇ ئاتا- ئانىسىغا يەنىلا ئېغىرچىلىق سېلىۋېرىشىنىڭ مۇۋاپىق ئەمەسلىكىنى ئويلاپ خىجىللىق ھېس قىلىدۇ ھەمدە دادىسىغا يېزا بازىرىدا بىر كىچىك دۇكان ئېچىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. دادىسى ئۇنىڭ بۇ تەلىپىگە قوشۇلۇپ ئۆتكەن يىلى 2- ئايدا دەسلەپكى قەدەمدە قەن- ناۋات، قۇرۇق يەل -يېمىش ۋە كۈندىلىك تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى سېلىپ بىر بوتكا ئېچىپ بېرىدۇ. شۇندىن بۇيان ئالتۇنخان ھەر كۈنى تۆت چاقلىق ۋېلسىپىت بىلەن بىر يېرىم كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئۆيىدىن كېلىپ تىجارەت قىلىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ سودىدا ئادىل، پوزىتسىيىدە مۇلايىم بولغانلىقى ھەم مال تۈرلىرىنى كۆپەيتكەنلىكى بىلەن خېرىدارلارنى كۆپلەپ جەلپ قىلىدۇ. نەتىجىدە ئۇ تىجارەت قىلغان بىر يىل ئىچىدە ئومۇمىي پايدىنى 4536 يۈەنگە يەتكۈزۈپ بانكىدىن ئالغان قەرزىنى تولۇق قايتۇرغاندىن تاشقىرى يەنە، 2535 يۈەن ساپ پايدا ئالىدۇ. (4)

(س. سابىر، ت. ئوسمان)



# ئۆز تۇرمۇش يولىنى تاپتى




# كىشىلىك قارىشى توغرىسىدا ياشلار بىلەن سۆھبەت

باۋدۇن توختى

ياش دوستلار! ئادەم نېمە ئۈچۈن ياشايدۇ؟ ياشاشنىڭ مەنىسى نېمە؟ دېگەن بۇ مەسىلىلەر كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىدىكى ئەڭ تۈپ خاراكتېرلىك مەسىلە. چۈنكى كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى، سىنىپىي مەيدانى ۋە دۇنيا قارىشى ھەرخىل بولغانلىقتىن دۇنيادا ياشاشتىكى مەقسىتى، مۇددىئاسىمۇ ھەرخىل بولىدۇ. ئومۇمەن ئالغاندا، ئۆزى ئۈچۈنلا ياشاش، سىنىپىي جەمئىيەتتە، بىر ئوچۇم ئەزگۈچىلار ئۈچۈن ياشاش ۋە خەلق ئۈچۈن ياشاش دەپ ئۈچ خىلغا بۆلۈنىدۇ. تارىخىي ماتېرىيالىزملىق كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ئالدىنقى ئىككى خىل ياشاش مەقسىتىگە قارشى تۇرىدۇ. ئامما ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن، ئىنسانىيەتنىڭ ئازادلىقى، كوممۇنىزم ئۈچۈن ياشاشنى قوۋۋەتلەيدۇ ۋە ئۇنىڭدا چىڭ تۇرىدۇ. بىر ئادەمنىڭ ئۆزى ئۈچۈنلا ياشىشى نومۇس ئىش، خەلق ئۈچۈن، كوممۇنىزم ئۈچۈن ياشىشى شەرەپلىك ئىش.

ئۇلۇغ پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرى، پرولېتارىيات داھىيلىرى قانداق ياشىغان؟ ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن، ماۋزېدۇڭ قاتارلىقلارنىڭ ئىنقىلابىي ھاياتى ھەممىمىزگە مەلۇم. ئۇلۇغ پرولېتارىيات يازغۇچىلىرى قانداق ياشىغان؟ مەسىلەن: لۇشۈننى ئالايلۇق، ئۇ: «ياشاش يولىدا باشقىلار ئۈچۈن قېنىمنى تۆكسەم ئۆزەم ئاجىزلاپ كەتسەممۇ خۇشاللىق ھېس قىلىمەن» دېگەن ئىدى. ئۇ گەرچە دۇنيادا ئانچە ئۇزۇن ياشىمىغان بولسىمۇ، ئۆزى دېگەندەك ئۆزىنى پۈتۈنلەي خەلققە، ئىنقىلابقا بېغىشلىغان.

ئالىملار قانداق ياشىغان؟ بۇنىڭغا دۇنيادا «كەشپىيات پادىشاھى» دەپ نام ئالغان ئۇلۇغ ئالىم ئېدىسوننى مىسال قىلىشقا بولىدۇ ۋە ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش پەلسەپەم خىزمەت قىلىشتۇر. مەن تەبىئەتنىڭ سىرىنى ئېچىش بىلەن ئىنسانىيەتكە بەخت يارىتىشىم كېرەك. بىزنىڭ بۇ دۇنيادىكى قىسقىغىنە ھاياتىمىزدا بۇنىڭدىنمۇ ياخشى خىزمەت قىلىشنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمەن. دۇنيادا ھەقىقىي قىممەتكە ئىگە نەرسە جاپا - مۇشەققەتلىك ئەمگەك ئارقىلىقلا قولغا كېلىدۇ. ئەگەر سەن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىمەن دەيدىكەنسەن، قەتئىي ئىرادىنى دوست، تەجرىبىنى مەسلىھەتچى، ئېھتىياتچانلىقنى قېرىنداش، ئۈمىدنى قاراۋۇل قىلىشىڭ كېرەك». ئېدىسون ھەقىقەتەن ئۆزى دېگەندەك ياشىغان، لامپۇچكا، تېلېفون، پاتېفون قاتارلىق 1500 دىن ئارتۇق كەشپىيات يارىتىپ، ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە قوشقان. ۋەتەنپەرۋەر شائىر، ئىنقىلابىي قۇربان لۇتپۇللا مۇتەللىپ مۇنداق يازغان:

«چىلىش، پۈكلە دۈشمەننى، ئۆرتە، ئوتقا ياق،
يېپىش غالىبىيەتكە، سائادەتكە كۆكرەك ياق.
كەسكىن مىنۇت يېتىپ، جانغا كەلسە ئىمتىھان،
دېمە ھەرگىز قۇربان بېرەيمۇ يە ياق.»

لۇتپۇللا مۇتەللىپ گەرچە 23 يىللا ياشىغان بولسىمۇ، ئۆز شېئىرىدا ئېيتقانىدەك خەلقىمىزنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى يولىدا باتۇرلەرچە قۇربان بولۇپ خەلق قەلبىدىن مەڭگۈ ئورۇن ئالغان. قىسقىسى يۇقىرىدىكى مىسال كەلتۈرۈلگەن يازغۇچى، ئالىم، شائىر، خەلق قەھرىمانلىرىنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق قىلغان ۋە شۇنداق ياشىغان، بىزمۇ شۇنداق ياشىشىمىز كېرەك.



# خاتالىقمۇ بىر ئەينەك

ئالتۇن ساپ بولمايدۇ، ئادەم مۇكەممەل بولمايدۇ، دېگەن بۇ سۆز پەلسەپىۋى ئۇقۇمغا باي سۆز. ئۇنى تېخىمۇ كۆپ كىشىلەر قوبۇل قىلغان بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا جەمئىيەت زور بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن بولاتتى. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، بۇ ئەقلىيە سۆز بەزى كىشىلەرنىڭ قولىدا خالىغانچە مەجبۇر ئوينايدىغان بىر كومۇلاچ لاي بولۇپ قېلىۋاتىدۇ.

«ئادەم مۇكەممەل بولمايدۇ» دېگەنلىك ھەممە ئادەمدە كەمچىلىك ۋە خاتالىق بولىدۇ، دېگەنلىك. بۇ سۆز ئەلۋەتتە خاتا ئەمەس. «زىجى يىلنامىسى» دېگەن كىتابنىڭ باش مۇھەررىرى سىماگۇاڭمۇ «سەۋەنلىكتىن ساقلىنىش مۇمكىن ئەمەس» دېگەن ئىدى.

ئەمما بۇنىڭلىق بىلەن مۇنداق بىر ئاساسىي قائىدىنى ئەستىن چىقىرىپ قويۇشقا بولمايدۇ، خاتالىق ناھايىتى كەڭ ئۇقۇم، ئوخشاش بولمىغان سۈپەتتىكى ۋە مىقداردىكى خاتالىق، كىشىلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئىدىئولوگىيىسىنى، ئوخشاش بولمىغان خىسلىتىنى، ئوخشاش بولمىغان خاراكتېرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

كۆڭزى ئاقساقال: «ئوخشاش بولمىغان تىپتىكى خاتالىقنى ئوخشاش بولمىغان تىپتىكى كىشىلەر ئۆتكۈزىدۇ. بىراۋنىڭ خاتالىقىنى تەپسىلىي كۆزەتكەندە، ئۇ ئادەمنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ» دېگەن ئىدى. ئادەملەر خىلمۇخىل بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ خاتالىقىمۇ خىلمۇخىل بولىدۇ. ئوخشاش بولمىغان تىپتىكى خاتالىقنى كۆزەتكەندە، كىشىلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان خاراكتېرىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. جۇگېلياڭ بىلەن ماسۇ ئىككىلىسى جېتىڭنىڭ قولدىن كېتىشىدە خاتالىق ئۆتكۈزگەن، ئەمما ئۇلارنىڭ خاتالىقىنىڭ خاراكتېرى ئوخشىمايتتى. جۇگېلياڭ بولسا شيەندىنىڭ مۇھىم تاپشۇرۇقىنى يەردە قويماسلىقنى كۆزدە تۇتۇپ، غەلىبە قىلىشقا ئالدىراپ، تەدبىرسىزلىك خاتالىقىنى ئۆتكۈزگەن. ماسۇ بولسا چوڭ خىزمەت كۆرسىتىشنىڭ كويىغا چۈشۈپ، جۇگېلياڭنىڭ پۈتكۈل ستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشىنى بۇزغان.

ئوخشاش بولمىغان تىپتىكى كىشىلەرنىڭ ئۆتكۈزگەن خاتالىقىنىڭ خاراكتېرى ئوخشاش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ خاتالىققا تۇتقان پوزىتسىيىسىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. دۇرۇس ئادەملەر سەۋەنلىك ئۆتكۈزمەي ياخشى بولۇشتىن، سەۋەنلىكنى تۈزىتىشنى ئەۋزەل كۆرىدۇ. شۇڭا بۇنداق ئادەملەر سەۋەنلىكنى كۆرسىتىپ بەرسە خۇشال بولىدۇ. كۆڭلى تۈز بولمىغان ئادەملەر سەۋەنلىكىنى ئېيتقان ھامان خاپا بولىدۇ، ئاغرىنىدۇ، ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى ئامال قىلىپ ياپىدۇ، ئۆزىنى مەسئۇلىيەتتىن قاچۇرىدۇ، خۇددى زىشا ئېيتقاندەك «پەس ئادەملەر سەۋەنلىكنى ياپىدۇ».

ئارتۇقچىلىق ئادەم ئۈچۈن بىر ئەينەك. كەمچىلىك، خاتالىقچۇ؟ ئۇمۇ بىر ئادەمنىڭ راستچىل ياكى يالغانچى ئىكەنلىكىنى، ياخشى ياكى يامانلىقىنى، ئېسىل ياكى رەزىللىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز بىر ئادەمگە قاراشتا، ئۇنىڭ قانداق ئارتۇقچىلىقلىرىنىڭ بارلىقىغا قاراپلا قالماستىن، يەنە ئۇنىڭ قايسى تىپتىكى كەمچىلىكلىرىنىڭ بارلىقىغىمۇ، ئۆزىنىڭ خاتالىقىغا قانداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىغىمۇ قارىشىمىز كېرەك. يەنە كىشىلەرنىڭ خاتالىقىنى ئەتراپلىقراق تەھلىل قىلىشىمىز زۆرۈر. (5) (ئالىم رەتلىگەن)

## بىلگىنىڭنى ئەلدىن يوشۇرما

## لېنىننىڭ ماقالە ئەۋەتىشى

ب ىر كۈنى لېنىن كارىۋ- ىتىسكىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن «كەمبەغەل دېھقان- لار گېزىتى» گە بىر پارچە ماقالە ئەۋەتىدۇ. ماقالىگە قوشۇپ ئەۋەتكەن كىچىككىنە بىر باغاقچىگە: «ساقىسىز بو- لۇپ قالغاچقا «كەمبەغەل دېھ- قانلار گېزىتى» نىڭ تۆت يىللىق خاتىرە كۈنى ئۈچۈن تۈزۈك- رەك بىر نەرسە يازالمىدىم، ئەۋەتكەن ماقالەمنى مۇۋا- پىق كۆرسەڭلار ئىشلىتەرسە- لەر، ئەگەر ئىشلىتىشكە يارى- مسا قەغەز سېۋەتىگە تاشلىۋې- تىشىڭلارنى سورايمەن. مۇشۇن- داق قىلساڭلار تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. لېنىن» دەپ ئەسكەر- تىپ قويىدۇ. بۇ باغاقچىنى كۆرگەن «كەمبەغەل دېھقانلار گېزىتى» نىڭ تەھرىرلىرى ئىنتايىن تەسىرلىنىپ، لېنىن- نى تەھرىرلىك خىزمىتىدە ئۇزلىرى ئۇچراتقان كىشىلەر ئىچىدىكى ئەڭ كەمتەر ئاپتور، دەپ ھېسابلايدۇ. (5)

(ئوسمان توختى رەتلىگەن)

## جۇئېنلەي ۋە ئۇنىڭ دوختۇرى

ي ولداش جۇ ئېنلەي نەچچە ئون يىل ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا خىزمەت قىلىپ كېسەل بولۇپ قالىدۇ. داۋالاشقا مەسئۇل دوختۇر جۇ ئېنلەيىنىڭ كېسەل بولۇپ قېلىشىدا ئۆز مەسئۇلىيىتىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىپ: «مېنىڭ پۈتۈن ھاياتىم جۇئېنلەيىنىڭ سالامەتلىكىگە كېپىللىك قىلىش، ئەگەر مەن ئۇنداق قىلالمىسام مېنىڭ ھاياتىم بىھۇدە ئۆتكەن بولىدۇ» دەيدۇ.

ئەڭ قىزىقارلىقى شۇكى، جۇ ئېنلەي دورا ئىستېمال قىلسا ناھايىتى تېزلا ئۈنۈمى كۆرۈلەتتى. ئۇ بىر قېتىم دوختۇردىن: «سىز ماڭا قانداق دورا بېرىسىز؟» دەپ سورىغاندا، دوختۇر «باشقىلار سىزنى زۇڭلى دەپ داۋالايدۇ. مەن بولسام سىزنى كېسەل دەپ داۋالايمەن. زۇڭلىنىڭ كېسىلىنى دوختۇرسىزمۇ داۋالىغىلى بولىدۇ. ئامما كېسەلنى دوختۇر داۋالىمىسا بولمايدۇ.» دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. (5)

ي ولداش لى شيەننيەن 1941- يىلى يېڭى 4- ئارمىيىنىڭ دۇۋىزىيە كوماندىرى بولۇپ ئىشلەۋاتقان ۋاقتىدا، بىر قېتىم گومىنداڭنىڭ مەلۇم قىسمى يېڭى 4- ئارمىيىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان لى شيەننيەن ئۆزى بىۋاستە جەڭگە قوماندانلىق قىلىش ئۈچۈن ئالدىنقى سەپكە قاراپ يولغا چىقىدۇ. ئۇ ئىستىھكامغا ئەمدىلا يېتىپ بېرىشىغا دۈشمەنلەر ئېگىزلىككە ھۇجۇم قىلىۋاتقان ئىدى. بۇۋاقىتتا بىر كىچىك جەڭچى بىر قانچە پاي ئوق ئاتقان بولسىمۇ دۈشمەنگە تەككۈزەلمەيدۇ. بۇنى كۆرگەن لى شيەننيەن مىلتىقنى قولىغا ئېلىپ: «مەن ئۇلارغا بىر قانچە پاي ئوق ئاتاي» دەيدۇ- دە، «پاڭ، پاڭ» قىلىغان ئاۋاز بىلەن تەڭلا ئالدىدا كېلىۋاتقان بىر قانچە دۈشمەن يەر چىشلەيدۇ. بۇنى كۆرگەن دۈشمەنلەر ئىلگىرىلەشكە جۈرئەت قىلالماي تىكىۋېتىدۇ. (5)

## دەل جايىغا تەگكۈزۈش

## ئاددىي بىر پارتىيە ئەزاسى

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئەڭ جاپالىق كۈنلىرىدە يولداش لىن بوچۈي شەنشى-گەنسۇ-نىڭشيا چېگرا رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بولۇپ ئىشلەيدۇ. گەرچە ئۇ ھەر كۈنى ئالدىراش ھالدا جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىسىمۇ، لېكىن باشتىن-ئاخىر ئۆزىنىڭ ئاددىي بىر پارتىيە ئەزاسى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ.

بىر كۈنى ئىدارە پارتىيە ياچېيكىسى يىغىن ئېچىپ بىر يولداشنىڭ پارتىيىگە كىرىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلماقچى بولىدۇ، بىراق لىن بوچۈينىڭ خىزمىتى بەك ئالدىراش بولغاچقا يىغىندىن ئاۋۋال ئۇنىڭغا خەۋەر قىلمايدۇ. يىغىن ئەمدىلا باشلىنىپ تۇرۇشىغا، يولداش لىن بوچۈي ئالدىراش يېتىپ كېلىدۇ-دە، كەمتەرلىك بىلەن: «يولداش ياچېيكا سېكرېتارى، مەن كېچىكىپ قالدىم» دەيدۇ ھەمدە يىغىن ئاخىرلاشقاندا كېچىكىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆزىنى تەكشۈرىدۇ. (5)

ئاتاقلىق گېنېرال پېڭ دېخۇەي ھەربىي ئىشلار جەھەتتىكى بىلىمىنىڭ موللۇقى ۋە باتۇرلۇقى بىلەن ئارمىيىمىز ئىچىدە شۆھرەت قازىنىپلا قالماستىن، خەلق ئاممىسىنىڭمۇ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن ئىدى. بىراق مۇشۇنداق بىر گېنېرالنىڭمۇ قورقىدىغان نەرسىلىرى بار ئىدى. بىر قېتىم ئاتاقلىق يازغۇچى باجىن بىر ئەسىرىدە پېڭ دېخۇەينىڭ قول ئاستىدىكىلەر بىلەن سۆزلەشكەن ۋاقتىتىكى ئەھۋالىنى تەسۋىرلەپ: «خۇددى ئاتا بولغۇچى ئۆز پەرزەنتلىرىگە سۆز قىلغاندەك سۆزلەيدۇ» دەپ يازىدۇ. پېڭ دېخۇەي بۇنى كۆرۈپ باجىنغا ئاتايىتەن خەت يېزىپ، بۇ بىر جۈملىنى «ئىناق ئائىلىدىكى تۇغقانلار ئۆزئارا پاراڭلاشقاندەك» دەپ ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئۇنچىۋالا قەدىرلىك ئادەم ئەمەسمەن، مېنى بەك كۆپتۈرۈۋېتىپسىز، بۇنىڭدىن مەن بىر ئاز قورقۇپ قالدىم».(5)

## «مېنى كۆپتۈرۈۋېتىپسىز»

ماركس «كاپىتال»نى يېزىشقا كىرىشكەندە ئائىلىسىدىكى قىيىنچىلىق ئىنتايىن ئېغىر ئىدى. بۇ چاغدا فرۇسسىيە ھۆكۈمەت دائىرىلىرى نەچچە قېتىم ئۇنىڭ ئاجايىپ ماھارىتىنى سېتىۋېلىشنى خىيال قىلىدۇ. 1865-يىلى فرۇسسىيە باش ۋەزىرى بىسمارك بىر ھۆكۈمەت ئەمەلدارى ئارقىلىق ماركسنى ئىزدەپ ئۇنى «فرۇسسىيە دۆلەتلىك ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش» گېزىتىگە

## قەتئىي تەۋرەنمەسلىك

ماقالە يېزىشقا ھەم بۇ گېزىتنىڭ مۇخبىرلىقىغا تەيىنلەيدۇ. ماركس بۇنى قوبۇل قىلمايدۇ. 1867-يىلى ماركس «كاپىتال»نىڭ بىرىنچى تومىنى بېسىشقا تاپشۇرغاندا، بىسمارك بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يەنە ئادەم ئەۋەتىپ ماركسنى گېرمانىيە ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا دەۋەت قىلىدۇ. ماركس يەنە بىر قېتىم بۇنداق نومۇسسىز تەلەپنى قەتئىيلىك بىلەن رەت قىلىدۇ. (9)




1976 - يىلى 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى تۈن يېرىم بولغان چاغ ئىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يې جيەنيىڭ مارشال ماۋجۇشىنىڭ تۇرار جايىغا كەلدى. بۈگۈن بۇ يەرنىڭ كەيپىياتى باشقىچىلا بولۇپ، ئىشىك ئالدىدا نۇرغۇن پىكاپ توختىغان ئىدى. چىرايى جىددىي تۈس ئالغان تىببىي خادىملار كىرىپ - چىقىپ تۇراتتى. يىغا ئاۋازىمۇ باردەك ئىدى ... تاڭ يورۇشقا باشلىغاندا يې جيەنيىڭ مارشال قايتىپ چىقتى. ئۇنىڭ بېشى چۈشكەن، چىرايى تاتارغان بولۇپ، قايتىش يولىدا گەپمۇ قىلمايتتى. ئۈشتۈمتۇتلا، تاماكا چەكمەيدىغان يې جيەنيىڭ مارشال شوپۇردىن بىر تال تاماكا ئېلىپ چەكتى. ئۇ خۇددى ئۆزى بىلەن ئۆزى سۆزلەشكەندەك قىلىپ: ئۇ كۆڭلىگە پۈككەن نۇرغۇن ئىشلارنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەتتى... كۆز يۇمىدىغان چاغدا، قارىغاندا، ئۇلارنىڭ پەقەت قانلىق بوران-چاپقۇن ئىچىدىلا خىزمەت تاپشۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى، — دېدى.

ماۋزېدۇڭنىڭ جەسىتى خۇنەن زالىغا قويۇلغان، 400 نەپەر مەركىزىي كومىتېت ھەيئىتى تاۋۇت ئەتراپىغا ئۆزلۈكسىز رەتلىك ھالدا تىزىلىشقان، ھالدا كىشىلەر ماتەم مۇزىكىسى ئىچىدە جۇشىنىڭ جەسىتى يېنىدىن ئۆتتى. يې جيەنيىڭ، لى شيەننيەن، ۋاڭ خۇڭۋېن، ۋاڭ دۇڭشىڭ، جاڭ چۇنچياۋ، جياڭ چىڭ قاتارلىقلارنىڭ چىرايلىرى سارغايغان، چارچىغان كۆزلىرىدە ياش ئەگىۋاتاتتى.

— يولداش جياڭ چىڭ بەك نادامەت چېكىپ كەتمەڭ، — دېدى بىرسى ئارام ئېلىش ئۆيىدە نەسىھەت قىلىپ، — مېنىڭچە ئەتە ئېچىلىدىغان سىياسىي بيۇرو يىغىنىغا قاتناشمىسىڭىزمۇ بولىدۇ.

— نېمە دېمەكچى؟ — دېدى جياڭ چىڭ غەمخورلۇققا مىننەتدارلىق ئېيتماي، — ئۆلمىسەملا ئۇ يىغىنغا قاتنىشىمەن! كىم كىمنى مەغلۇپ قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقاي!

نەسىھەت قىلغۇچى غەزىپىنى بېسىپ، بۇ مۇسىبەتلىك كەيپىيات ئىچىدە جياڭ چىڭ بىلەن تالىشىشنى مۇۋاپىق كۆرمىدى. كەينىدىنلا ۋاڭ خۇڭۋېن گېزىتكە بېسىلغان «ۋەسىيەت» نى تىلغا ئالدى.

— بەلگىلەنگەن فاڭجېن بويىچە ئىش كۆرۈش بىر قانچە يىلنىڭ تاناۋۇنى تارتىش دېگەن گەپ! — دېدى جاڭ چۈنچياۋغا يې جيەنيىڭ

## يالارۇ ۋەقەلەر

مارشال.

— بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن بويىچە ئىش كۆرۈش — جۇشىنىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدىكى ۋەسىيىتى!— دەپ تېرىكتى جياڭچىڭ.

— بۇ جان ئۈزۈش ئالدىدىكى ۋەسىيەتنىڭ قانداق يول بىلەن بارلىققا كەلگەنلىكىنى بىلمەيمەن... بىر مۇنچە مۇئاۋىن رەئىسلەر، سىياسىي بيۇرونىڭ ھەيئەتلىرى ئۇقمىسا ئەجەپلىنەرلىك ئەمەسمۇ! — دېدى ئادەتتىكى تەلەپپۇزدا يې جيەنيىڭ مارشال.

— توۋا، جۇشىنىڭ جەسىتى تېخى سوۋۇماي تۇرۇپلا سىلەر بىرلىشىپ مېنى بوزەك قىلىۋاتىسىلەر،— دېدى جياڭچىڭ غەزەپلىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ،— سىلەر نېمىلەرنى مۇزاكىرە قىلدىڭلار؟ كىم باشچىلىق قىلدى؟ سەن يې جيەنيىڭ مېنىڭ بۇ سوئالىمغا توغرىدىن - توغرا جاۋاپ بېرىشىڭ كېرەك!

يې جيەنيىڭ مارشال كۆزەينەكنى ئېلىپ، غەزىپىنى كۈچ بىلەن بېسىپ:

— مەن بۇ يىل 79 ياش، يەنە كۆپ ياشىسام ئون يىل ياشارمەن، ھاياتىمدا ياخشى ئىشلارنىمۇ قىلدىم، نۇرغۇن خاتا ئىشلارنىمۇ قىلدىم، لېكىن ۋىجدانلىق ياشاپ كەلدىم. بۈگۈنكى كۈندە كىم مېنى ۋىجدانىمنى سېتىشقا قىستايدىكەن، قالغان ئون يىللىق ھاياتىمنىمۇ ماڭا لازىمى يوق. قولۇمغا قورال ئېلىپ ئەڭ ئاخىرقى بىر ئوقنى ئاتالايمەن!

— يولداشلارنىڭ دىققەت قىلىشىنى ئۆتۈنىمەن،— دېدى چاچلىرىنى مايلاپ پارقىرىتىۋالغان ۋاڭخۇڭۋېن ۋارقىراپ. — يولداش يې جيەنيىڭنىڭ سۆزى چەكتىن ئېشىپ كەتتى. يولداشلارنىڭ دىققەت قىلىشىنى ئۆتۈنىمەن! لېكىن بۇ ھېچكىمنىڭ دىققىتىنى قوزغىمىدى.

يې جيەنيىڭ كۆزەينىكىنى تاقاپ ۋاڭخۇڭۋېنغا قەستەن سۈركىلىپ ئۆتۈپ ئىشىككە قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ كەينىدىن «پاق» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ، بىر ئىستاكان يەرگە تاشلىنىپ كۇكۇم-تالقان بولۇپ كەتتى.

ماتەم مۇزىكىسى توختىدى. ماتەم مۇراسىمى ئاخىرلاشتى.

9 - ئاي ئاخىرلىشىپ كۈز يامغۇرىدىن كېيىن، كۈز شامىلى چىقىشقا باشلىدى.

10 - ئاينىڭ 5 - كۈنى تاڭغا يېقىن، دىياۋيۇيتەي دۆلەتلىك مېھمانخانىسىنىڭ 11 - نومۇرلۇق بىناسىدا شام شەكىللىك مىس چىراقلار بايرامدىكىدەك يورۇپ كەتكەن ئىدى. كارىدور، ئالدىنقى زاللارمۇ يوپ-يورۇق ئىدى. كەڭ مېھمان كۈتۈش زالىدا جياڭچىڭ ۋە ئۇنىڭ ئون نەچچە نەپەر مېھمىنى ئامېرىكا ھېكايە فىلىمى «قىزىل خەت» نى كۆرمەكتە. جياڭچىڭ بىر تەرەپتىن كۆرۈپ، بىر تەرەپتىن ليۇچىڭنىڭ، چېنخاۋلياڭ قاتارلىقلارغا چۈشەندۈرەتتى. كىنو تۈگىگەندىن كېيىن مېھمانلار ساپادا ئولتۇرۇپ ھەر ياندىن سۆزلەشكىلى تۇردى.

جياڭچىڭ كەڭ مۇلاھىزە يۈرگۈزدى. ئۇ ئۇستا ئارتىس بولغاچقا خۇددى ھېچقانداق غەرەزسىز سۆزلىگەندەك قىلسىمۇ، لېكىن سۆزى مەقسەتلىك بولۇپ، ئەتراپىدىكىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىش، يېقىنلىق ھېس قىلدۇرۇپ ئۇلاردا قىلچە گۇمان ۋە تەۋرىنىش پەيدا قىلىپ قويماسلىق ئىدى.

سەنئەت توغرىسىدىكى باش-ئايىغى يوق گەپ سېتىشلار، يالاقچىلىق ۋە ياخشىچاق بولۇۋېلىشتەك ھېجىيىشلار جياڭچىڭنى تېزلا زېرىكتۈردى.

—بەس، ھازىر بۇ توغرىدا سۆزلەشكىم يوق،— دېدى ئۇ ئاچچىقى بار، مادارى يوق،— كۆڭلۈم بىئارام، ھازىرقى ئەھۋالنى سىلەرمۇ ئۇقۇشسىلەر، ئەپلەشمەي قالسا، قولغا ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈلۈشۈم مۇمكىن. مېنىڭ قانداق بولۇشۇمنىڭ كارى چاغلىق، ئەندىشە قىلىۋاتقىنىم سىلەر! سىلەردەك جاپا - مالاۋەتتە بىرگە بولغان سەپداشلىرىمنى ئويلاۋاتىمەن. مەن تۈگەشكەندىن كېيىن سىلەرمۇ ماڭا چېتىلىپ تۈرمىگە ئېلىنساڭلار، بالا - چاقى-

لىرىڭلار ھەم سورۇقچىلىق تارتسا، بۇنىڭغا چىدىيالمىغىدەكمەن.

جياڭچىڭ سۆزلىگەچ بېشىنى سالدى. كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى، زالنى يىغا ئاۋازى بىر ئالدى. بۇ چاغدا چېن خاۋلياڭ بىردىنلا زالنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەيدا بولۇپ لى يۈخېنغا ئوخشاش ھەرىكەت قىلىپ:

— يولداشلار، ئىنقىلابچىلىرىڭلار ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار. جۇڭنەنخەيگە بېرىپ يولداش جياڭچىڭنى رەئىس بولسۇن! دەپ تەلەپ قىلايلى، — دېدى.

— يولداش جياڭچىڭغا كىم قارشى تۇرىدىكەن، بىز ئۇنىڭ بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىمىز!

— يولداش جياڭچىڭ قەيەرنى كۆرسەتسە بىز شۇ يەرگە بېرىپ ئورۇشۇشقا تەييار!

قىسقىغىنە ۋاقىتتا زالدىكى كىشىلەرنىڭ كەيپىياتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. بىر ئېگىز ئارتىس نەق مەيداندىلا قولىنى كېسىپ:

— يولداش جياڭچىڭنىڭ رەئىس بولۇشىنى تەلەپ قىلىمىز! — دەپ قان بىلەن خەت يازدى.

— رەھمەت يولداشلار، رەھمەت... دەپ جياڭچىڭ تىلىنى چايناشقا باشلىدى.

جياڭچىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر تۈركۈم مېھمانلارنى ئۇزىتىپ بولغاندىن كېيىن، ھالسىزلانغان ھالدا:

— جاڭ چۈنچياۋ، ۋاڭ خۇڭۋېن ئەھۋال قانداق، — دەپ سورىدى.

— قېرى ئەبلەخلەرنىڭ ھەرىكىتى كۆپىيىپ كەتتى. يې جيەنيىڭ، لى شيەننيەنلەر كۈندە دېگۈدەك باش قوشۇشۇۋاتىدۇ، — دېدى جاڭ چۈنچياۋ كەيپىياتى ئانچە ياخشى بولمىغان ھالدا، — شاڭخەي تەرەپتىكىلەر تەييارلىق قىلىپ قويۇپتۇ، بېيجىڭ تەرەپمۇ ھەرىكەتكە كېلىشى كېرەك.

— ئامال قىلىپ بېيجىڭنى چوقۇم كونترول قىلىش كېرەك! بېيجىڭنى كونترول قىلالىغاندىلا، باشقا ئۆلكىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئوڭاي، — دېدى بىئارام بولغان جياڭچىڭ.

— يەنىلا ئۆزىمىزنىڭ كۈچى — مىنبىڭلارغا تايىنىشىمىز كېرەك، — دېدى جاڭ چۈنچياۋ ئۇلاپلا، — كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ، ھازىر بىز بىر پىلان تۈزۈپ چىقايلى.

— ئەتە تۈزەيلى، مەن بەك چارچاپ كەتتىم، — دېدى جياڭچىڭ چالۋاقاپ، — ئۇ ئەبلەخلەرنى بەك قالتىس چاغلاپ كەتمەيلى، ئۇلار بىر يەرگە يىغىلىپ كۆپ بولسا ئاناڭنى - پاناڭنى دەپ تىللىشار، ئاخىرى كېلىپ، ئۇلار ياخشى كۆرمەيدىغان نەرسىلىرىنى باشقىلارغا قارىغاندا بەكلا ئاسان قوبۇل قىلالايدۇ. ئۇنىڭ كۆڭلىدە سان بار، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغان كۈندىن تارتىپ، «بايراقدار» نىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغان نىشانىنىڭ بىرەرسىمۇ ئۆزىنى ئامان ساقلاپ قالالمىغان ئىدى.

10 - ئاينىڭ 5 - كۈنى چۈشتىن كېيىن مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ئورۇشقا يېتەكچىلىك قىلىش بۆلۈمىنىڭ ئىچى جىم - جىتلىققا چۆمگەن. يې جيەنيىڭ، لى شيەننيەن، ۋاڭ دۇڭشىڭ، چېن شىليەن قاتارلىقلار ئۈستەل ئەتراپىدا جىم ئولتۇرۇشقان بولۇپ، ھېچكىم گەپ قىلىشنى خالىمايتتى. چۈنكى قىلىشقا تېگىشلىك گەپلەرنى بالدۇرلا قىلىپ بولۇشقان ئىدى. شۇ چاغلاردا پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تەقدىرى قىلنىڭ ئۇستىدىكى خەتەرلىك ھالەتتە تۇرماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ بەلگىلىگەن تەدبىرى 1 مىليارد خەلقنىڭ تەقدىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك مەسىلە بولۇپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ يورۇقلۇققا قاراپ ئالغا ئىلگىرىلىشىنى ياكى زۇلمەتكە قاراپ مېڭىشىنى بەلگىلەيدۇ.

(داۋامى بار)



# ئۆزۈلمەس رىشتە

ئابلىمىت توختى

يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ يەكشەنبە بازار يېزىسىدىكى كادىرلار ۋە ئادەملا ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ شوپۇرى لى چيۇنى «ئۇ ئىچكەندە قۇدۇق قازغۇچىنى ئۇنتۇپ قالمىغان ۋاپادار يىگىت» دەپ تەرىپلىشىدۇ. لى چيۇ 1961-يىلى 6-ئايدا، 13 يېشىدا ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ شىنجاڭغا كېلىدۇ ھەمدە يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ يەكشەنبە بازار يېزىسىغا كېلىپ، تېنەپ-تەمتىرەپ يۈرگەندە كۆكچى ئورگىنىنىڭ سابىق ئالاقىچىسى سۇللا قارى ئەھۋالىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇنى ئۆيىگە باشلاپ بارىدۇ ۋە كىيىم-كېچەكلىرىنى يېڭىلاپ بېرىدۇ. لى چيۇنى ئۆز پەرزەنتىدەك كۆرۈپ، ئوبدان خەۋەر ئالىدۇ، ئارىدىن ئون نەچچە كۈن ئۆتكەندە سۇللا قارى لى چيۇنى ئەگەشتۈرۈپ، كۆكچى ئورگىنىغا ئېلىپ بارىدۇ. كۆكچى رەھبەرلىكى ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ لى چيۇنى سۇللا قارىغا ياردەمچى قىلىپ بېكىتىدۇ. لى چيۇ سۇللا قارىنىڭ كۆيۈنۈشى ئارقىسىدا، بۇ يەرنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىگە كۆنىدۇ. سۇللا قارىنىڭ ئىگە-چاقىسىز خەنزۇ بالىنى ئۆز پەرزەنتىدەك كۆرۈپ غەمخورلۇق قىلغانلىقى تەشكىل ۋە ئامىمىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىدۇ.

لى چيۇ 1972-يىلى رەسمىي ئىشقا ئورۇنلىشىپ ناھىيىگە يۆتكىلىپ كېتىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ. 1973-يىلى 5-ئايدا سۇللا قارى قازا تاپقاندا لى چيۇ شۇ كۈنىلا قايتىپ كېلىپ دەپنە ئىشلىرىغا قاتنىشىدۇ، نەزىر-چىراق ئىشلىرىغا ئىشلىتىش ئۈچۈن 150 جىڭ گۈرۈچ، 15 جىڭ ياغ ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇ، ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ شوپۇرى بولغاندىن كېيىنمۇ سۇللا قارىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى داۋاملىق يوقلاپ تۇرىدۇ، ھېيت-بايرام، توي-تۆكۈن ئىشلىرىنى بىرگە ئۆتكۈزىدۇ. يېقىنقى بىر نەچچە يىل ئىچىدە، لى چيۇ سۇللا قارىنىڭ ئائىلىسىدىكى قىيىنچىلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، 300 جىڭ ئاق ئۇن، 13 جىڭ ياغ، 30 جىڭ گۈرۈچ ياردەم قىلىدۇ، ئىككى تونna كۆمۈر يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. زىرەشخان ئاچا پۇل تەڭلىگەندە: لى چيۇ: «سىلەر يەتكۈزگەن مېھرى-شەپقەتنى بىر ئۆمۈر خىزمەت قىلغان بىلەنمۇ ياندۇرالمايمەن» دەيدۇ ۋە پۇلىنى ئالمايدۇ. بۇ يىل باھار بايرىمىدا لى چيۇ زىرەشخان ئاچا ۋە ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئالاھىدە تەكلىپ قىلىپ قوي سويۇپ مېھمان قىلىدۇ. لى جيۇنىڭ ئايالىمۇ ئۆزىنىڭ ماشىنىچىلىق ھۈنىرى بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ، زىرەشخان ئاچىنىڭ ئۆيىدىكى ئائىلە كىشىنىڭ كىيىم-كېچىكىنى ھەقسىز تىكىپ بەرگەندىن باشقا، 120 يۇەن قىممىتىدىكى رەخت ۋە كىيىم-كېچەكنى خالىس ياردەم قىلىدۇ. زىرەشخان ئاچا ۋە ئۇنىڭ ئوغۇل-قىزلىرىمۇ لى چيۇنى دائىم قوغۇن-تاۋۇز، مېۋە-چېۋە بىلەن يوقلاپ تۇرىدۇ. بۇ يىل 2-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا زىرەشخان ئاچىنىڭ قىزى بۇخېلىچخان ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىدا تۇغۇت ئوپېراتسىيىسى قىلىنغاندا لى چيۇ ۋە ئۇنىڭ ئايالى بىر نەچچە قېتىم كىرىپ يوقلىغاندىن باشقا، قايتىش ۋاقتىدا ياخشىراق ئوزۇقلىنىش ئۈچۈن گۆش ۋە باشقا يېمەكلىكلەرنى سوۋغا قىلىدۇ ھەمدە ماشىنا بىلەن ئۆيىگە ئاپىرىپ قويىدۇ. (4)

## كۆچ ئۆملۈكتە



# دەسلەپكى تۆت مىنۇتنىڭ رولى

ئەگەر سىز تۇنجى قېتىم بىرسى بىلەن كۆرۈشمەكچى بولسىڭىز، بىرسىگە ھاجىتىڭىز چۈشۈپ ئۇنى ئىزدەپ بارسىڭىز، ياكى بولمىسا بىرەر يېڭى دوست تۇتماقچى بولسىڭىز شۇنى چۈشىنىۋېلىشىڭىز كېرەككى، يۈز كۆرۈشكەندىن كېيىنكى تۆت مىنۇتقا ئەھمىيەت بېرىشىڭىز، ئۇنىڭغا سەل قارىماسلىقىڭىز كېرەك.

مۇرەككەپ تۇرمۇش بىزگە شۇنى چۈشەندۈردىكى، تۇنجى قېتىم يۈرەككە چۈشكەن شەپەق نۇرى ھامان كىشىلەرنىڭ قەلبىدە گاھى يورۇق، گاھى تۇتۇق ھالدا ئۇزاققىچە چاقناپ تۇرىدۇ. تۇنجى قېتىم ئۇچراشقان چاغدىكى تۆت مىنۇتتا كىشىلەردە قالدۇرغان ياخشى تەسىرات سىزگە بەخت كەلتۈرىدۇ.

تۇرمۇش سەنئەتكارلىرىنىڭ تەسۋىرلىگىنىگە ئوخشاش ئاددىي ئەمەس. تەسىرات بىر ئادەمگە بولغان توغرا كۆز قاراش بولۇشىمۇ ياكى پەقەتلا بىر تەرەپلىمە بولۇشىمۇ مۇمكىن، بىراق بىر تەرەپلىمە كۆز قاراش شەكىللىنىپ قالسا، ياسىما كۆز قاراش پەيدا بولىدۇ. كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى نورمال مۇناسىۋەتنىڭ تىكلىنىشى ۋە مۇقىملىشىشىغا تەسىر يېتىدۇ، شۇڭا، كىشىلەرگە ياخشى تەسىرات قالدۇرۇش ئۈچۈن تۇنجى قېتىم ئۇچراشقاندا، ئۆزىمىزنىڭ تۇرمۇش ئوبرازىمىزنى توغرا ۋە ھەقىقىي ئىپادىلەشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز كېرەك. بۇنىڭدا گەپ - سۆز، مېڭىش - تۇرۇش، چىراي ئىپادىسى ۋە كىيىم - كېچەكلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك. بۇ ھەرگىز ياسالمىلىق قىلغانلىق ئەمەس.

ئامېرىكىلىق دوكتور راندى ئالاقە باغلاشتا ئەڭ دەسلەپكى تۆت مىنۇتقا دىققەت قىلىش لازىم دېگەن كىتابىدا، كىشىلەرگە ئارىلىشىش ئالدىدىكى تۆت مىنۇت ئىنتايىن مۇھىم، ئۇ دوست تۇتۇشتىكى ئەڭ مۇھىم ھالقا دەپ ئېيتقان ئىدى. كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكىنىڭ بىرى - مۇھەببەت ئاساسىدۇر. بىراق مۇھەببەت ئۆز - ئارا مۇناسىۋەت داۋامىدا شەكىللىنىدۇ. بەزىلەر مۇھەببەتنى ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلىدۇ. بىرى، بىرلەشمە ھېسسىيات. بۇ كىشىلەرنى يېقىنلاشتۇرىدۇ ۋە بىرلەشتۈرىدۇ. يەنە بىرى، ھېسسىياتنى ياتلاشتۇرۇش. بۇ كىشىلەرنى بىر - بىرىدىن يىراقلاشتۇرىدۇ. شۇڭا مۇناسىۋەتتىكى تۇنجى قېتىم قالدۇرغان تەسىرات كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى باغلايدىغان ھالقا، كىشىلەرگە ياخشى تەسىرات قالدۇرۇشتىكى مەقسەت ئەنە شۇ. جەلپ قىلىش كۈچىگە تايىنىپ بىرلەشمە ھېسسىيات پەيدا قىلىش مۇناسىۋەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ بوسۇغىسىدۇر.

كىشىلەرگە ياخشى تەسىرات قالدۇرۇش ئالاقىلىشىشنىڭ ئېھتىياجى، لېكىن بۇ ئالاقىلىشىشتىكى مۇۋەپپەقىيەت بولۇپ ھېسابلانمايدۇ. مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن، يەنىلا كىشىلەردە قالدۇرغان ياخشى تەسىراتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز، ئۇنى داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىز كېرەك. (5)



## كېڭەشلىك ئىش بۇزۇلماس



# جاسارەتلىك ئايالنىڭ سەرگۈزەشتىسى

لىيۇكسېمبورگ خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتى تارىخىدىكى ئاتاقلىق ئايال ئىنقىلابچى ۋە نەزەرىيىچى ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ سەپدىشى ۋە ئېرى لىئو. يۇجىشس بولسا گەرچە «ئىستېداتلىق، بىلىملىك، قابىلىيەتلىك» بولسىمۇ نام - ئاتاق جەھەتتە لىيۇكسېمبورگقا يېتىشەلمەيتتى. بۇ ئۇلارنىڭ مۇھەببەت ۋە ئائىلە مەسىلىسىدىكى بىر توسالغۇ بولۇپ قالغان ئىدى.

يۇجىشس ئايالىنىڭ شۆھرىتىنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئېشىۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە 1897-يىلى يەنە سىيۇرىخ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قانۇن-ئىقتىساد ئىلمى بويىچە دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەنلىكىنى كۆرگىنىدە ئۆزىنىڭ شۆھرەتپەرەسلىكى بىلەن لىيۇكسېمبورگقا سوغۇق مۇئامىلە قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن يىراقلىشىدۇ. لېكىن لىيۇكسېمبورگ يۇجىشسقا قىلچە تەكەببۇرلۇق ئىشلەتمەستىن، بەلكى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ خەت يازىدۇ: «مېنىڭ بۇ خېتىم ئېھتىمال سىزگە بىمەنە ياكى كۈلكىلىك تۇيۇلۇشى مۇمكىن؛ ھەقىقەتەنمۇ بىزنىڭ ئارىلىقىمىز ناھايىتىمۇ يېقىن، كۈندۈلۈكى دېگۈدەك كۆرۈشۈپ تۇرالايمىز؛ شۇنداق تۇرۇپمۇ مۇشۇنداق يېرىم كېچىدە ئۆز ئېرىمگە خەت يېزىشىم نېمە دېگەن رومانتىك-ھە؟» لىيۇكسېمبورگ خېتىدە ئاياللارغا خاس نازاكەت ۋە مۇلايىملىق بىلەن مۇنداق دەپ يازغان: «سىز چۈشىنىشكە ماھىر ئىدىڭىز ۋە چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزەتتىڭىز، كۆپ ئويلىناتتىڭىز، نېمە ئۈچۈن بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە مەن بىلەن داۋاملىق بىرگە بولۇشنى خالىماي قالدىڭىز؟»

ئۆزى باشلىغان ئىشنى ئەڭ مۇقەددەس بىلگەن لىيۇكسېمبورگ پارتىيىنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن شەخسىي بەخت - سائادەت ۋە باش قېتىقچىلىقىنى ۋاقتىنچە قويۇپ تۇرۇپ گېرمانىيىگە بېرىپ، سىياسىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىش قارارىغا كېلىدۇ. كەسىپمۇ دائىم دېگۈدەك مۇھەببەت بىلەن توقۇنۇشۇپ قېلىۋەرمەيدۇ. لىيۇكسېمبورگ ۋاقىت يار بەرسىلا يۇجىشسقا ئۆزىنىڭ تۇرمۇشى، خىزمىتى ۋە كەلگۈسى پىلانى توغرىلىق خەت يېزىپ، ئۆزىنى ھاياجانلاندۇرغان ۋە بىئارام قىلغان ئىشلارنى ئېيتىدۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان سېغىنىشىنى ۋە سەمىمىي مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىدۇ. ئۇنىڭ پاك مۇھەببىتى ئاخىرى يۇجىشسنىڭ ئىشەنچىسى ۋە قەدىرلىشىگە سازاۋەر بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار دەسلەپكى چاغلاردىكىدەكلا بىر - بىرىنىڭ كۈرەش قىلىش روھىغا ئىلھام بېرىپ، بىرلىكتە ئالغا باسىدۇ. (5)

## مۇھەببەت ...

مۇھەببەتنى ھەددىدىن ئارتۇق قوغلىشىش ئادەمنىڭ ماھىيەتلىك قىممىتىنى مۇقەررەر يوسۇندا تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ. شۇڭا بۇ خىل ھېسسىياتتىن ئالاھىدە ھوشيار بولۇش لازىم.

لېكىن بەزى كىشىلەر يۈرىكىدىكى يېنىۋاتقان مۇھەببەت ئوتى كۈچلۈك بولسىمۇ، يەنىلا ئۇنى كونترول قىلىپ، ئۇنىڭ چوڭ ئىشلارغا توسقۇنلۇق قىلىشىغا يول قويمايدۇ.

ئەر - ئاياللارنىڭ مۇھەببىتىدىن ئىنسانىيەت كۆپىيىپ بارىدۇ. دوستلارنىڭ مۇھەببىتىدىن ئادەمگە ياردەم تېگىدۇ. لېكىن، ئەيشى - ئىشرەتتىن ھاسىل بولغان مۇھەببەت پەقەتلا ئادەمنى نابۇت قىلىدۇ، خالاس. (9)




تۇرسۇن نىياز

بىر ئائىلىنىڭ بارلىققا كېلىشى مۇھەببەتلىشىشتىن ئارتىپ، توي قىلىشقىچە بولغان بىر جەرياننى بېسىپ ئۆتىدۇ. ياشلار مۇھەببەتلىشىش جەريانىدا ئۆز ئارا ناھايىتى قىزغىن بولۇپ، مۇھەببىتىنى بارغانسېرى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ بارىدۇ. «سىناق»لاردىن ئۆتۈپ، ئاخىرى توي قىلىدۇ. لېكىن توي قىلغاندىن كېيىن بولسا، «شېرىن ئاي»نىڭ ئاخىرلىشىشىغا ئەگىشىپ خېلى بىر قىسىم ئائىلىلەردە «ئىچكى ئۇرۇش» پارتلاپ، پاراكەندىچىلىك باشلىنىدۇ. ھەتتا بەزىلەر ئاجرىشىپ كېتىش دەرىجىسىگە بېرىپ يېتىدۇ. بۇنداق ئاقىۋەتكە گىرىپتار بولغانلاردىن بۇ ئاقىۋەتنىڭ سەۋەبىنى سورىسا ئۇلار: «مۇھەببىتىمىز ياخشى ئەمەس، مىجەزىمىز كېلىشمىدى» دېيىشىدۇ، ھەتتا غەرب جەمئىيىتىدە ئېقىپ يۈرگەن «توي — مۇھەببەتنىڭ قەبرىسى» دېگەن گەپلەرنى قىلىشىدۇ.

مۇھەببەت — تۇرمۇش قۇرۇشنىڭ ئاساسى، ئۇ مۇھەببەتلەشكۈچىلەرنى ئۆز ئارا تۇتاشتۇرغۇچى رىشتە، مانا بۇ ئېنىق ئاددىي قائىدە. لېكىن، مۇھەببەتنى ئىككى تەرەپ ئۇزاق مۇددەتلىك تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدە ئورتاق يېتىشتۈرىدىغانلىقى ۋە بەرپا قىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى بۇ بىر نۇقتىغا نۇرغۇن ياشلار ناھايىتى ئاسانلا سەل قارايدۇ. ئۇلار پەقەت بىر تەرەپلىمە ھالدا مۇھەببەتنى يېتىشتۈرۈش، چوڭقۇرلاشتۇرۇش مۇھەببەتلىشىش مەزگىلىدىكى ئىش دەپ قاراپ، توي قىلغاندىن كېيىن، قانداق ماسلىشىپ تۇرمۇش كەچۈرۈش جەھەتتە ئانچە كۆپ ئويلانمايدۇ. ئادەتتە ئوغۇل - قىزلار مۇھەببەتلىشىش باسقۇچىدا سۆز - ھەرىكەتلەردە بىر قەدەر ئېھتىياتچان بولىدۇ. تازا كۆڭلىگە ياقمايدىغان ئىشلارغا دۇچ كەلسىمۇ، سەۋرچانلىق، «مەرت»لىك قىلىدۇ. شۇڭا بۇ مەزگىلدە ئارتۇقچىلىق كۆپرەك، يېتەرسىزلىك ئازراق كۆرۈنىدۇ. توي قىلغاندىن كېيىن بولسا، بۇنداق بولۇۋەرمەيدۇ. چۈنكى، مۇھەببەت مۇناسىۋىتى بىلەن ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتى چوڭ پەرق قىلىدۇ. مۇھەببەت مۇناسىۋىتى مەنىۋى تۇرمۇشنى ئاساس قىلىدۇ، ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتىدە بولسا، مەنىۋى تۇرمۇش بىلەن ماددىي تۇرمۇش ئوخشاشلا مۇھىم. توي قىلىشتىن ئىلگىرى ئىككى تەرەپنىڭ مۇھەببىتى ناھايىتى چوڭقۇر، قىل سىغمايدىغان، شامال كىرمەيدىغان دەرىجىدە بولسىمۇ، لېكىن ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتكە سېلىشتۇرغاندا يەنىلا مەلۇم ئارىلىق بولىدۇ. تويدىن كېيىنكى تۇرمۇش جەريانى مۇھەببەتلىشىش جەريانىدىن ئۇزۇن، تۇرمۇشنىڭ مەزمۇنىمۇ مۇرەككەپ بولىدۇ. شۇڭا ئىككى تەرەپنىڭ ئاجىزلىقلىرى بارا - بارا ئاشكارىلىنىدۇ. بۇچاغدا ئەگەر ئىككى تەرەپ بۇرۇنقىدەكلا ئۆز ئارا ئەپۇ قىلىشىپ، ئۆ-



زىنى ئاگلىق ھالدا توختىتمۇپلىپ، ئەر- خوتۇن ئارىسىدىكى مۇھەببەتنى ماسلاشتۇرمىسا، تۇر- مۇشتىكى ئۇششاق - چۈششەك ئىشلار سەۋەبىدىن ئائىلىنىڭ تەگيۇگلۇقىنى ساقلاپ كەلگەن كۆۋ- رۈككە ناھايىتى ئاسانلا دەز كېتىشى مۇمكىن.

توي قىلغاندىن كېيىن، مۇھەببەتنىڭ سا- لام تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن، ھەر ئىككى تە- رەپ مۇھەببەتنى داۋاملىق قەدىرلەپ، توغرا مۇھەببەت قارىشىنى ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قا- رىشىنى مۇستەھكەم تىكلىشى كېرەك. مۇھەببەت ئۆز ئارا ھۆرمەتلەش، ئۆز ئارا ئىشىنىش، ئۆز ئارا كۆيۈنۈش، باراۋەرلىك ئاساسىدا بولۇشى، داۋاملىق كۈچەيتىلىشى كېرەك. فرانسىيىنىڭ بۈيۈك يازغۇچىسى بالزاك: «تۇينىڭ بەختلىك بولۇشى پۈتۈنلەي كاتتا سالاھىيەت ۋە مال - دۇنيا ئۈستىگە ئەمەس، بەلكى ئۆز ئارا ھۆر- مەتلەش ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ، بۇنداق بەختنىڭ ماھىيىتى كەمتەرلىك ۋە ئاددىي - ساددىلىق» دېگەن ئىدى. ئەر - خوتۇنلارنىڭ مۇھەببەتتە مەڭگۈ سەممىي، قىل سىغمايدىغان دەرىجىدە يې- قىن بولۇپ، ئۆمۈربويى بىللە ئۆتۈپ كېتىشى ھەقىقەتەن كىشىلىك ھاياتتىكى چوڭ بەخت. مە- لۇم مەنىدىن ئېيتقاندىمۇ توي قىلىش — مۇھەب- بەتنىڭ ئاخىرلىشىشى بولماي قالماستىن، بەلكى يېڭى مۇھەببەتنىڭ باشلىنىشىدۇر. «ئاۋۋال توي قىلىپ، كېيىن مۇھەببەتلەشكۈچىلەر» ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق، شۇڭا، ياش دوستلار مەيلى ئەرلەر ياكى ئاياللار بولسۇن توي قىلغاندىن كېيىنمۇ مۇھەببەتنى داۋاملىق قەدىرلەپ، ئۇنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش، مۇھەببەت گۈلىنى مەڭگۈ سولاشتۇرماي، تېخىمۇ كۆركەم، چىرايلىق ئېچىلدۇرۇشى كېرەك. (5)

## ئىشىك چەككەندە...

دوستۇم، سىز قوشنىڭىزنىڭ ئۆيىگە ياكى ساۋاقداش، دوست، خىزمەتداش ۋە مۇئەللىم، رەھبەرلىك، پېشقەدەم يول- داشلارنىڭ ئۆيىگە بارسىڭىز، ئاۋۋال ئىشىك بىلەن ئۇچرىشىسىز. سىز دائىم قارىمۇلارچە ئۆسۈپ كىرىۋەرسىڭىز بولمايدۇ. ئەگەر ئى- شىك قوڭغۇرىقى بولمىسا ئىشىكنى چېكىپ ئۆي ئىگىسىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن كىرىشىڭىز لازىم.

بىلەمسىز، ئىشىك چېكىشتىمۇ بىر خىل بىلىم بار، ئاۋۋال سىز ئىشىكنىڭ ئالدىغا بارغاندا تۈز تۇرۇشىڭىز، ئىشىكنىڭ بىر چېتىگە ئۆتۈۋالماسلىقىڭىز لازىم.

ئەگەر ئىشىكنى چەككەن ۋاقىتتا قولى- ڭىزدا پەلەي بولسا، ئەلۋەتتە ياخشىسى سېلىۋې- تىڭ. بۇ ئۆي ئىگىسىگە بولغان ھۆرمىتىڭىز- نى بىلدۈرىدۇ.

سىز بىر تەرەپتىن ئىشىكنى چېكىۋېتىپ، يەنە بىر تەرەپتىن «ئادەم بارمۇ» دەپ توۋ- لىماڭ. ئىشىكنى چېكىپ بولۇپ، ئاندىن «ئۆيدە ئادەم بارمۇ» دەپ سورىسىڭىز بولىدۇ.

ئىشىكنى چەككەن ۋاقىتتا ئەگەر ئىشى- ڭىز ئالدىراش بولسا، ئىشىك چېكىشنى تېز- لەتسىڭىز بولىدۇ. ئەگەر بىر قېتىم چەككەن- دە ئادەم چىقىپ ئىشىكنى ئاچمىسا ياكى ئاۋاز چىقمىسا، يەنە چەكسىڭىز بولىدۇ. ھەر قېتىم ئىشىك چېكىش ئارىلىقىدىكى ۋاقىت ئۈچ- تۆت سېكۇنت بولسا بولىدۇ. ئەگەر جىد- دىي ئىشىڭىز بولمىسا، ئۇ ھالدا ئىشىكنى يېنىك، رىتىملىق چېكىڭ.

ئىشىكنى چېكىش قېتىم سانى تۆت قې- تىمدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. تۆت قېتىمدىن كېيىن يەنىلا ھېچقانداق شەپە بولمىسا، بۇ ئۆيدە ئۆي ئىگىسىنىڭ يوقلۇقى- نى بىلدۈرىدۇ. (5)



# ياشلىقىمىزنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتمەيلى



مەھەممەد ياسىن

بۇ يىل 5- ئاينىڭ 4- كۈنى چۈشتىن كېيىن بىر ساۋاقدىشىم بىلەن ئوتتۇرا كۆۋرۈكنىڭ بويىغا كەلگىنىمىزدە، ئۇ يەردىكى چاققانغىنە بىر دۇكاندا يەتتە- سەككىزدەك ياش هاراق ئىچىپ ئولتۇرۇشقان ئىكەن. بۇ يەرگە يەنە بىر ياش كېلىۋىدى، ئۇلار بۇ ياشنىمۇ هاراق ئىچىشكە زورلىدى. ئەمما ھېلىقى ياش: «مەن هاراق ئىچمەيمەن، رەھمەت، ئائىلەمدە ئانام كېسەل، مەن بېرىپ ئۇنىڭغا قارىمىسام بولمايدۇ» دېيىشى ھامان، چېچىنى بۇدرە قىلىۋالغان، قارا كۆزەينەك تاقىۋالغان بىرسى «ھۇ ئۆزىنىڭ ئىززىتىنى بىلمەيدىغان» دەپ كېلىپلا قول سالدى. ئەتراپتىكى كىشىلەر ھاڭ-تاڭ بولۇشۇپ قالدى. ھېلىقى ياشنىڭ چاپان- كۆڭلەكلىرى يىرتىلدى، باش كۆزلىرى قانغا بويالدى... بۇ نېمە دېگەن يولسىزلىق-ھە!!!

بىز 80 - يىللارنىڭ ياشلىرى، هازىر ئىلىم- پەن گۈللەپ ياشناپ، يېڭى-يېڭى مۆجىزىلەر يارىتىلىۋاتقان دەۋردە ياشاۋاتىمىز. شۇنداقلا ياغ ئىچىدىكى بۆرەكتەك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىمىز. بۇنداق ياخشى شارائىتتا، بىھۇدە ئۆتكەن كۈن ئەلۋەتتە مەنىلىك ئەمەس، هازىر دەۋر بىزگە خىتاب قىلىۋاتىدۇ. ئەقىل ئىدرىكىمىز بەرق ئۇرۇۋاتقان چاغدا ۋەتەن ۋە خەلق ئۈچۈن ئاز-تولا تۆھپە ياراتمىساق ياشلىقىمىزنىڭ قانچىلىك قىممىتى بولىدۇ؟

هازىر پۈتۈن مەملىكەت بويىچە 7- بەش يىللىق پىلاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش كېتىۋاتىدۇ. بۇ كۈرەش ياشلارنى كۈتمەكتە. پارلاق كەلگۈسى ياشلارغا ئىشەنچ بىلەن قارىماقتا.

ئۆزىنى بىلىم بىلەن قوراللاندۇرۇش هازىرقى زامان ياشلىرىغا قويۇلغان ئەقەللىي تەلەپ، شۇنىسى ئېنىقكى، هازىر يېڭى پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنىڭ قوللىنىلىشى ئىنسانىيەتنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىنى كۈنسېرى ئۆزگەرتمەكتە. تارىخ ئىسپاتلىغانكى، قايسى دۆلەت ياكى قايسى زېمىندىكى ياشلار بىلىم ئىگىلەشكە ئەھمىيەت بەرسە، شۇيەر قۇدرەت تېپىپ گۈللەنگەن، مەسىلەن: 2- دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ياپونىيە ئىقتىسادىي ئىگىلىكىدە ئۇچقاندەك يۈكسىلىش بولۇشىدىكى مۇھىم بىر سەۋەب شۇكى، ياپون ياشلىرى بىلىمگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن.

نۆۋەتتە زور كۆپچىلىك ياشلار بىلىمگە ئىنتىلىپ، بىلىمنى قىزغىن سۆيۈپ، جاسارەت بىلەن يۇقىرى ئۆرلەۋاتىدۇ. ياشلار ئارىسىدىكى بۇنداق ئۆگىنىش دولقۇنى يېقىنقى 20 يىل مابەينىدە ئاز كۆرۈلگەن ئىدى. نۆۋەتتە ھەر قايسى ساھەلەردە ئۆزلۈكسىز ئۆگىنىپ نەتىجە قازانغان ئىلغار ياشلار تۈركۈم-تۈركۈملەپ مەيدانغا كېلىۋاتقان بولسىمۇ، بىراق يەنە بىر قىسىم ياشلار بىلىم ئىگىلەشكە قىزىقماي، ھە دېسە ئاشۇنداق هاراق ئىچىپ مەس بولۇپ جېدەل چىقىرىدىغان، ھەتتا «هاراق ئىچمەيمەن» دېگەن ئادەمنىمۇ ئۇرىدىغان ئىشلار مەۋجۇت. بۇ، 80- يىللاردىكى ياشلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. قانۇنغا خىلاپ ۋە دەۋر ئېقىمىغا زىت قىلىق.

بىز ياشلىق باھارىمىزنى نۇرچاقنىتىمىز دەيدىكەنمىز، ۋاقىتنى قەدىرلەپ، تىرىشىپ ماھارەت ئىگىلىشىمىز، ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن ئاز-تولا تۆھپە يارىتىشىمىز لازىم. (5)



# پەرزەنتلەرنىڭ تەقدىرى ھەققىدە سۆز ئاچقاندا

ئابلەت مەھەممەد

پەرزەنتلەرنىڭ تەقدىرى ھەققىدە سۆز ئاچقاندا بەزى ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ ئىستىقبالىنى تەقدىرگە باغلاپ قارايدۇ-دە، ئۆزلىرىنىڭ تەربىيىلىنىشى ۋە ئەخلاقىنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ خاسلىقىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئىستىقبالىغا ئالاھىدە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدۇ. ئەتراپىمىزدىكى ھادىسىلەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىدىغان بولساق شۇنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، ياخشى تەربىيە كۆرگەن، ئۆزىگە يۇقىرى تەلەپ قويىدىغان ئىناق ئۆتىدىغان ئائىلىدە چوڭ بولغان بالىلارنىڭ تېنى ساغلام، كۈچ-قۇۋۋىتى تولۇپ-تاشقان، ئۆزىگە ئىشىنىش كەيپىياتى كۈچلۈك، تەشەببۇسكار بولىدۇ. ھەتتا ئائىلىۋى تۇرمۇشى غۇربەتچىلىكتە ئۆتسىمۇ ئۇلار يۈكسەك سەۋرچانلىق ۋە چىدامچانلىققا ئىگە بولىدۇ. شۇنداقلا ئۆزىدە ئۆزىنى بېغىشلاشتەك روھنى يېتىلدۈرىدۇ.

ئاتا-ئانا بولغۇچى ئۆزىگە ھەرقايسى جەھەتلەردىن يۇقىرى تەلەپ قويمايدىغان، يوقىلاڭ ئىشلار تۈپەيلىدىن ئۆزئارا سوقۇشۇپلا يۈرۈيدىغان ئائىلىلەردە چوڭ بولغان بالىلار بولسا ئۆزى بىلگەننى قىلىدىغان، مىجەزى چۇس، مۇتتەھەم، شەخسىيەتچى، ئىچى تار بولۇپ چىقىدۇ. بۇنداق بالىلار بىرەر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايلا قالماستىن، بەلكى ھەممىلا يەردە باشقىلارنى ئەيىبلىتىپلا يۈرۈيدۇ. ئاتا-ئانا بولغۇچى ئۇرۇش-تالاش، بىمەنە قىلىقلار بىلەن بولۇپ كېتىپ بالىلارنى تەربىيىلەش ئىشىغا سەل قارايدۇ. ھەتتا ئۇلار دەردىنى بالىلاردىن ئېلىپ، ئۇلارغا بولغان نازارەتنى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىدۇ. ئىشلىرىغا زورلۇق بىلەن ئارىلىشىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پەرزەنتلىرىنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن ئۆسۈپ يېتىلىشى چەكلىنىشىگە ئۇچرايدۇ. روھىي ھالەت جەھەتتە ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈش تۇيغۇسى شەكىللىنىدۇ. قورقۇنچاق، تولىمۇ ئېھتىياتچان، مىجەزى غەلىتە، ئاسانلا كۆڭلى بۇزۇلىدىغان بولۇپ قالىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلار ئەگەر ئائىلىسىنىڭ ئاسارىتىنى بۇزۇپ ئۆتۈپ كەتسە تۇرمۇش جەھەتتە كاپالەتسىز قېلىپ كۆپىنچە ھاللاردا ئوخشاش قىسمەتتىكى بالىلار توپلىشىۋېلىپ جىنايەت يولىغا مېڭىپ قالىدۇ. ئۇنداقلار ئىچىدىكى بىر قىسمىلىرى بولسا، تۇرمۇشتا چىقىش يولىغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن جان تىكىپ ئېلىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئورنى ۋە خۇشاللىقىنى جەمئىيەتتىن ئىزلەيدۇ. بۇ خىلدىكى بالىلار زېرەك، جىگەرلىك، سەۋرچان، قەيسەر خۇي-مىجەز يېتىلدۈرىدۇ.

بۇلۇنۇپ كەتكەن ئائىلىلەر، شەكسىزكى پەرزەنتلىرىنىڭ تەقدىرىگە نىسبەتەن، بىر خىل داغ پەيدا قىلىپ قويىدۇ. شۇڭا مەلۇم بىر ئالىمنىڭ ئېيتقىنىدەك «ئەر-خوتۇنلار جەمئىيەتتە ئەگەر خالىغانچە قوشۇلسا ياكى دائىم دېگۈدەك ناھايىتى ئاسانلا ئاجرىشىپ كېتىدىغانلىقىنى جاكارلاشسا، بۇ ھالدا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئورتاق پەرزەنتلىرىگە ناھايىتى زور دەرىجىدە زىيان يەتكۈزىدۇ.» شۇڭلاشقا ياش ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى ئەلا بىلىشى، ئۆزئارا ئەپۇ قىلىشىشى، بىر-بىرىنىڭ ھالىغا يېتىشىشى، بىر قەدەر مۇستەھكەم ۋە تىنچ ئائىلە مۇھىتىنى يارىتىش ئۈچۈن ئىزلىنىشى كېرەك.(5)

## گەپ بىر قۇلاق ئىنىكى



# «تىكەنلىك» گۈلدىكى خۇشپۇراق

«شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى كەڭ كىتابخانىلارنى تەربىيىلەيدىغان ياخشى ئۇستاز بولۇپلا قالماي، بەلكى خىلمۇخىل سەھىپىدىكى مول مەزمۇنلار بىلەن مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان ياش ھەۋەسكارلارنىڭ تەشنا قەلبىنى بىلىم شەربەتلىرى بىلەن قاندۇرىدىغان مەنبە بۇلاق. ئۇنىڭدىكى كۆپ خىل سەھىپە بىز كىتابخانىلار ئۈچۈن ياخشى دەرسخانا بولۇپ قالدى. بولۇپمۇ بۇ ژۇرنالنىڭ «تىكەن» سەھىپىسى تۇرمۇش قايىنىمىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئىنچىكە كۆزىتىپ، بىر قىسىم چاكىنا ئىللەت، ناتوغرا خاھىشلارنى ئوبرازلاشتۇرۇپ ئەكس ئەتتۈرۈپ، دەۋرنىڭ تەلىپى ۋە خەلقنىڭ ئارزۇسىنى ئىپادىلىدى. بىز تۆۋەندە «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ ناتوغرا خاھىش ۋە چاكىنا ئىللەتلەرنى پاش قىلىش، تەنقىدلەش ۋە تۈزىتىش جەھەتتىكى تىرىشچانلىقى توغرىسىدىكى تەسىراتىمىزنى كىتابخانىلار بىلەن ئورتاقلاشماقچىمىز، بۇ قاراشلىرىمىزنى مەزكۇر ژۇرنالنىڭ «تىكەن» سەھىپىسىدىكى تەبىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن ئىدىيىۋى مەزمۇنلارنىڭ بىزدە پەيدا قىلغان تەربىيىۋى تەسىرى ۋە ئەشۇ ئوبرازلارنىڭ بىزگە بەخش ئەتكەن ئىستېتىك لەززىتىدىن ئايرىپ قارىيالمايمىز.

مەزكۇر ژۇرنالنىڭ 1986-يىل 5-سانىنىڭ «تىكەن» سەھىپىسىدە بىر قانچە پارچە ھەجۋىي رەسىم بېرىلگەن. بۇ ھەجۋىي رەسىملەردىكى بەدىئىي كارتىنىلار ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن ئىدىيىۋى مەزمۇنلارنىڭ رېئال ئاساسى خېلىلا كۈچلۈك، تەربىيىۋى ئەھمىيىتى زور. مەسىلەن: «خەتەرلىك تەربىيىنىڭ ئاقىۋىتى» دە ئانىسى ئوغلىغا «بالام! ئاپاڭ بار يەردە سەن ھېچكىمدىن قورقما!» دەپ تەربىيە بېرىدۇ. ھەممىمىزگە مەلۇمكى، كىچىك بالىلارنىڭ مۇستەقىل پىكىر قىلىش ئىقتىدارى تېخى تەرەققىيات باسقۇچىدا تۇرغاچقا ئۇلارنىڭ سىرتقى مۇھىتنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىشى، بولۇپمۇ ئاتا-ئانىسىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىشى ناھايىتى ئوڭاي، ئانىسى بالىسىنى ئۇرۇش ئۈچۈن سۈپۈرگىنى ئېلىپ قوغلاۋاتقاندا قېچىپ كېتىۋاتقان بالا ئانىسىنىڭ «بالام! ئاناڭ بار يەردە سەن ھېچكىمدىن قورقما!» دېگەن نەسىھىتىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئايام شۇنداق دېگەن تۇرسا نېمىدىن قورقاتتىم دەپ ئويلايدۇ-دە، ئارقىغا يېنىپ ئانىسىنىڭ بېشىغا كالتەك بىلەن ئۇرىدۇ. چۈنكى ئانىسىنىڭ تەربىيىسى بالىسىدا قاراملىق ۋە كۈچلۈك ئىنتىقامچانلىق ئىدىيىسىنى يېتىلدۈرگەن. گەرچە بالىنىڭ ئانىسىغا قول ياندۇرۇشى توغرا بولمىسىمۇ، ئانىسىنىڭ نەسىھىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا بالىسىنىڭ ئانىسىنى ئۇرۇشى بالىغا ھېچ جەھەتتىن توغرا بىلىنمىدۇ. دېمەك بۇ رەسىمدە رەسسام پەرزەنتلىرىگە توغرا نەسىھەت قىلمايدىغان ئاتا-ئانىلارنى پىكىر مەنتىقىسىنىڭ قانۇنىيىتى ئاساسىدا تەنقىدلەپ، بالىلارغا توغرا يولدا نەسىھەت قىلىشنىڭ لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

«پېشقەدەمنىڭ ئورنۇن بوشىتىشى» دا ئىجتىمائىي ئىسلاھاتنىڭ بېسىمى ئاستىدا پېنسىيىگە چىققان ياكى ھوقۇقىنى ياشلارغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن بىر قىسىم كادىرلارنىڭ ياشلارغا ياخشى مەسلىھەتچى، ياردەمچى بولۇشنىڭ ئورنىغا ھوقۇق تاپشۇرغانلىقىغا كۆزى قىيماي، ياشلارنىڭ دادىل، مۇستەقىل ئىشلىشىگە ئىشەنمەي، ئۇلارنىڭ ئىشلىشىگە توسالغۇ ياكى ئار-

ئۇقچە يۈك بولۇۋالمىدىغان، ئۇلاردىن دائىم ھۆرمەت ۋە خۇشامەت تاما قىلمىدىغان ناتوغرا خىزمەت ئىستىلى مەسخىرە قىلىنىغان، «شىنجاڭ ياشلىرى» «تىكەن» سەھىپىسىدىكى مەنىۋى قامچا ئارقىلىق سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىمىزدىن ئىبارەت بۇ چىمەنزارلىق ئىچىدىكى ياۋا تىكەنچىغانلارنى تەدرىجىي قىرقىپ، ئۇنى خۇشپۇراق گۈللەرگە ئۇلاش ئۈچۈن تېگىشلىك ئەجرى سىڭدۈرۈۋاتقان چېۋەر باغۋەنلەرنىڭ بىرى، مەن ھەر قېتىم ژۇرنالنىڭ «تىكەن» سەھىپىسىنى زور قىزىقىش بىلەن كۆرۈۋېتىپ تىكەنگە ئۇلانغان ئەشۇ رەڭمۇ-رەڭ گۈللەرنىڭ خۇشپۇراقلىرىدىن لەززەتلىنىۋاتقاندەك ھېسسىياتتا كېلىمەن. مۇشۇ بىر ئەۋلاد ياشلارنى خۇددى خۇشپۇراق گۈللەردەك ساغلام تەربىيىلەپ، ئۇلارنى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە كۆپرەك تۆھپە قوشالايدىغان، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزاملىق قوشۇن قىلىپ يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن «تىكەن» سەھىپىسىنىڭ جەمئىيەتتىكى بولمىغۇر قىلىق، ناچار خاھىش، يامان ئىللەتلەرنىڭ تىكەنلىك قامچا ئاستىدىكى بەدنىمي ئوبرازلىرىنى تېخىمۇ مۇكەممەل، تېخىمۇ جانلىق يارىتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. (9)

(مەھەممەت ئەيساقازى)

## بۇ ئىشقا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىش كېرەك

مەن «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1986- يىل 4 - سانىغا بېسىلغان «چۈشىنىش—مۇھەببەتنىڭ ئاساسى» ماۋزۇلۇق ماقالىنى قىزىقىش بىلەن ئوقۇپ چىقتىم، ماقالىدە ئاپتورنىڭ دوستى بىر يىگىت بىلەن مۇھەببەتلىشىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئالدىراپ توي قىلغان. لېكىن بۇ توي بۇ يىگىتكە ئائىلىگە خۇشال - خۇراملىق ئاتا قىلماستىن، بەلكى جېدەل - ماجىرا ئېلىپ كەلگەنلىكى يېزىلغان.

ھەممىمىزگە ئايانكى، بارلىق قىز - يىگىتلەر ئۆز ئۆيىنىڭ ئاقكۆڭۈل، سەممىي، تىرىشچان، ۋاپادار بولۇشىنى ھەم شۇنداق يىگىت ياكى قىز بىلەن توي قىلىشنى، ئائىلىسىنى بەختلىك، خۇشال - خۇرام قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئەلۋەتتە. بۇ جەمئىيىتىمىزدىكى كۆپچىلىكنى تەشكىل قىلغان ياشلارنىڭ ئومۇمىي ئارزۇسى. بىراق، ئىش ھامان ئادەمنىڭ ئارزۇسى بويىچە بولۇۋەرمەيدۇ. «چۈشىنىش — مۇھەببەتنىڭ ئاساسى» ماۋزۇلۇق ماقالىدە يېزىلغان «مەڭگۈ ئايرىلماي ئۆمۈر بويى بىر - بىرىگە سادىق بولۇپ ئۆتۈش ئۈچۈن قەسەملىرىنى ئۇنتۇلغۇغا ئېلىۋالغان» بىر جۈپ ياشنىڭ ئائىلىۋى ئاقىۋىتى ئۇنىڭ بىر مىسالى. شۇنى ئەسلىتىش پايدىلىقكى، چۈشىنىش ھاسىل قىلماي تۇرۇپ، ۋاقىتلىق ھېسسىياتقا تايىنىپ توي قىلىش ئومۇمەن ياخشى نەتىجە بەرمەيدۇ. ھېسسىيات ۋاقىتلىق، ئۆتكۈنچى، ئۆزگىرىشچان بولغاچقا، ئۇنى مۇھەببەتنىڭ ئورنىغا قويۇشقا بولمايدۇ. ھېسسىيات چىن مۇھەببەتنىڭ ئۆزى ئەمەس. پەقەت مۇھەببەتنىڭ ئالدىنقى شەرتى دېيىش خاتا بولمىسا كېرەك. ئۆزئارا چۈشىنىش ئۈچۈن قارشى تەرەپنىڭ ئىدىيىۋى ھالىتى، دۇنيا قارىشى، تەربىيىلىنىشى، پسىخىكىسى، تۇرمۇش ئادىتى، سالامەتلىكى قاتارلىق تەرەپلىرىنى ئىنچىكە كۆزىتىش كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا چوڭقۇر چۈشىنىش ھاسىل قىلىپ، مۇھەببەتنى پۇختا، مۇستەھكەم ئاساسقا ئىگە قىلغىلى بولىدۇ. ئاخىردا كەڭ ياشلارنىڭ بۇ ماقالىنى قايتا ئوقۇپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. (9)

(تۇرسۇن تۇرەك)




ئۇ دۇنياغا تونۇلغان مەشھۇر مۇزىكانت بولسىمۇ، لېكىن ئۆمۈر بويى غېرىبانىچىلىك ئىچىدە ئۆتكەن ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن پەقەت بىرلا ئادەم يېقىن مۇناسىۋەت قىلاتتى ۋە بۇ يېقىن مۇناسىۋەتمۇ پەقەت خەت ئالاقىسى بىلەنلا چەكلىنەتتى. ئۇلار بىر-بىرىنى ياخشى كۆرۈشسىمۇ، بەزى چاغلاردا ناھايىتى يېقىن جايدا تۇرۇشۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن بىرسى بىرسى بىلەن ئەسلا يۈز كۆرۈشۈپ باقمىغان ئىدى. بۇلار چايكوۋىسكى بىلەن مېيىك خانىم ئىدى.

مېيىك خانىم باي، تۇل ئايال ئىدى. ئۇ چايكوۋىسكىنىڭ «بورانلىق يامغۇر» دېگەن مۇزىكىدىن ئۆزگەرتكەن رويال مۇزىكىسىنى ئاڭلىغان ئىدى. بۇ مۇزىكىدىكى غەمكىنلىك ئۇنىڭ قەلبىدىكى مەيۈسلۈك بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن ئىدى. چايكوۋىسكى ئۆز خېتىدە ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەرگەن تەپسىلاتلاردىن باشقا، ئۇ چايكوۋىسكىنىڭ تۇرمۇشى ھەققىدە ھېچنەرسىنى بىلمەيتتى. مېيىك خانىم چايكوۋىسكى رەسىم ئەۋەتكەندىن كېيىنلا ئاندىن ئۇنىڭ چىرايىنىڭ قانداقلىقىنى بىلدى. لېكىن، ئۇ ئۇنىڭ قەلبىنى، ئىچكى ئەھۋالىنى بىلەكچى ئىدى. ئۇ ئەزەلدىن باشقىلارنىڭ ئېيتىپ بېرىشىنى خالىمىغان ئىشلىرىنى سۈرۈشتە قىلىپ تۇرۇۋالمايتتى. چايكوۋىسكى ئۈمىدسىزلىككە پېتىپ قالغاندا، مېيىك خانىم ئۇنىڭغا تەسەللىي بېرىپ، ئۇنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىرىگە ئورتاق بولاتتى. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ يەنە داۋاملىق مۇزىكا ئىجاد قىلىشىغا ئىلھام بېرەتتى.

ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئاجايىپ مەنىلىك ۋە ئەركىن ئىدى. بۇ خۇددى ئانا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئوخشايتتى. ئۇلارنى بىر-بىرىگە باغلاپ تۇرغان رىشتە مۇزىكا ئىدى. لېكىن ئۇلار زادىلا يۈز كۆرۈشمەيتتى. ئۇنداق بولمىغاندا مۇزىكىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئورنىغا مەلۇم رېئاللىق دەسسىتىلىپ قېلىپ، ئۇلارنىڭ دوستلۇقىمۇ داۋاملىشالمىغان بولاتتى.

لېكىن ساقلانغىلى بولمايدىغان بىر ئىش ئاخىرى يۈز بەرگەن. بىر قېتىم ئۇلارنىڭ ئات ھارۋىلىرى بىر-بىرى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالغان. چايكوۋىسكى ئىختىيارسىز مېيىك خانىمنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلگەن. كېيىن مېيىك خانىم تەمكىن ھالدا يەنە ئۆز يولىغا راۋان بولغان. چايكوۋىسكى ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مېيىك خانىمغا «مەن بىپەرۋالىق قىلىپ قويدۇم، كەچۈرۈڭ» دەپ خەت يازغان. مېيىك خانىم بۇ قېتىم ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقانلىقى ئۈچۈن، ناھايىتى خۇشال بولغان.

ئۇلارنىڭ لىرىكىلىق شېئىرغا ئوخشاش لەززەتلىك يازلىق كانىكۇل تۇرمۇشىدا پەقەت ئەشۇ بىر قېتىمقىسىلا ئىككىسىنىڭ ئەڭ يېقىن ئۇچرىشىشى بولۇپ قالدى.

ياشلىق كاتىكولىدىن كېيىن چايكوۋىسكى بۇ تۇل ئايالغا ئۆزىنىڭ «تۆتىنچى سىمفونىيە»سىنى ئۆزگەرتىپ ئىشلىگەن روياللىق مۇزىكىسىنى تەقدىم قىلىدۇ. ئۇ بۇ ئاجايىپ مۇزىكىغا مەپتۇن بولۇپ كېتىپ، 48 سائەت ئۇخلىمايدۇ ھەم تاماقمۇ يېمەيدۇ. كېيىن، ئۇ چايكوۋىسكىغا بىر پارچە خەت يېزىپ ئۇنىڭغا كۆڭلىدىكىنى ئۇزۇل-كېسىل ئىزھار قىلىدۇ. ئۇ خېتىدە مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ سىزنى ياخشى كۆرۈشۈم باشقا ھەرقانداق بىر كىشىنى ياخشى كۆرۈشتىن ئېشىپ چۈشىدۇ؛ مېنىڭ سىزنى قەدىرلىشىم دۇنيادىكى بارلىق نەرسىنى قەدىرلەشتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئەگەر بۇ خەۋەر سىزنى بىئارام قىلسا، ئۇنداقتا مېنى كەچۈرۈڭ، بەربىر مەن ئېغىز ئېچىپ سالدىم»...

چايكوۋىسكى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا يۇقىرى پەللىگە قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقان شۇ كۈنلەردە، ئۇ ئامېرىكىنىڭ ئالتە چوڭ شەھىرىگە بېرىپ سەييارە ھالدا مۇزىكا يىغىنىغا يېتەكچىلىك قىلىش توغرىلىق تەكلىپنامە تاپشۇرۇۋالىدۇ. روسىيىلىك بىرەر مۇزىكانت ھېچقاچان مۇنداق چوڭ شەرەپكە ئىگە بولۇپ باقمىغان ئىدى.

كىم بىلسۇن، ئۇ سەپەرگە چىقىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋاتقاندا تۇيۇقسىز قاتتىق زەربىگە ئۇچرايدۇ. مېيېك خانىم ئەزەلدىن ئىشلىتىپ باقمىغان بىر خىل تەلەپپۇز بىلەن ئۇنىڭغا خەت يازىدۇ. ئۇ خېتىدە ئۇنىڭغا، ئۆزىنىڭ مال-مۈلكىنىڭ پۈتۈنلەي ۋەيران بولۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنىڭدىن كېيىن، ئۇنى ھەرقانداق پۇل بىلەن تەمىنلەشكە ئامالسىز ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ ھەمدە يەنە ئارىدىكى يېقىن مۇناسىۋەتنى مۇشۇ يەردە ئاياغلاشتۇرۇشنى ئېيتىدۇ.

خەتتىكى تەلەپپۇز ئۇنى قاتتىق چۆچۈتىۋېتىدۇ.

بۇ كۈتۈلمىگەن زەربىدىن ئۇنىڭ كۆڭلى قاتتىق پاراكەندە بولىدۇ.

لېكىن ئۇ يەنىلا بۇ ئىشنىڭ ئۇقۇشماسلىق بولۇپ چىقىشىنى، ئۇنىڭ چوقۇم قايتا خەت يېزىپ بۇنىڭ ھەممىسىگە چۈشەنچە بېرىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئۇ كۈنلەپ، ئايلاپ خەت كۈتىدۇ. لېكىن مېيېك خانىمدىن خەت كەلمەيدۇ. ئاخىرى ئۇ پاراخوتقا ئولتۇرۇپ ئامېرىكىنىڭ نيۇ-يورك شەھىرىگە بارىدۇ ھەمدە ئۇ يەردە قىزغىن قارشى ئېلىنىدۇ. خانىملار، باي-غوجاملار، مائارىپچىلار، مۇخبىرلار، ھارۋىكەشلەر، قىسقىسى بارلىق كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا تىز پۈكۈپ خوشامەت قىلىدۇ. لېكىن ئۇ بۇنداق قۇرۇق شان-شەرەپتىن، مېيېك خانىمنىڭ بىر ئېغىز گېپىنى ئاڭلاشنى ئەۋزەل كۆرىدۇ-دە، ئالدىراپ-تېنەپ موسكۋاغا قايتىدۇ. لېكىن يەنىلا مېيېك خانىمدىن ئۇچۇر ئالالمايدۇ.

ئۇ ئاخىرى ئۇكسىغا ئۆزىنىڭ يېڭى بىر سىمفونىيە ئىجاد قىلماقچى ئىكەنلىكىنى، بۇ مۇزىكىنىڭ ئەڭ يېقىن دوستىدىن مەڭگۈ ئايرىلىپ ئۇنى دەپىنە قىلىۋاتقاندا چېلىنىدىغان ماتەم مۇزىكىسى بولىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ، كېيىن ئۇ بۇ مۇزىكىغا «ھەسرەتلىك مۇھەببەت سىمفونىيە-سى» دەپ ماۋزۇ قويىدۇ. لېكىن ئۇزاق ئۆتمەيلا چايكوۋىسكى بىر ئىستاكان بۇلغانغان سۇنى ئىچىپ ۋابا كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالىدۇ. ئۇ ئىنتايىن ئازابلانغان ھالدا تۆت كۈن ياتقاندىن كېيىن، 5-كۈنى مەڭگۈلۈككە كۆز يۇمىدۇ. بۇ ئاجايىپ مۇھەببەت ئۇنىڭغا ئەنە شۇنداق تەبىئىي تالانت ئاتا قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ جىسمىغا كۈچ-مادار ئاتا قىلالمىغان ئىدى. مۇشۇنداق ھەسرەت چەككەن، يەنە كېلىپ مۇشۇنداق زىددىيەت بىلەن تولغان كىشىنىڭ ھەقىقىي ئىدىيىسى زادى نېمە؟ بىراق ئىككى ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، «ھەسرەتلىك مۇھەببەت سىمفونىيىسى» ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا سەھنىدە ئورۇنلىنىدۇ. ئۇنى ئاڭلىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بېشىنى تۆۋەن سېلىپ بۇقۇلداپ يىغلىشىپ كېتىدۇ، چۈنكى كىشىلەر شۇنىڭدىن كېيىنلا ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى بىلىشكە سازاۋەر بولغان ئىدى. (9)

## بىۋاسىتە تەجرىبىدىن كېيىن

مېندېل 1866 - يىلى «ئۆسۈملۈكلەرنى شالغۇتلاشتۇرۇش سىنىقى» دېگەن مەشھۇر ئىلمىي ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، «مېندېل قانۇنى» دەپ ئاتالغان ئىرسىيەت قانۇنىيىتىنى ئېچىپ بېرىپ ھازىرقى زامان گېنېتىكىسىغا ئاساس سالدى. مورگان دەل شۇ يىلى 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئامېرىكىنىڭ كىنتوككى شتاتىدىكى لېكسىڭتوندا تۇغۇلدى ۋە مېندېلنىڭ گېنېتىكا تەلىماتىنى داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن بىر ئۆمۈر يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلدى، ئادەمنى ئەجەپلەندۈرىدىغىنى شۇكى، گەرچە مورگان مېندېلنىڭ گېنېتىكا تەلىماتىنى داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ دەسلىۋىدە مېندېل تەلىماتىدىن گۇمانلانغان. كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە ئۇ بىۋاسىتە تەجرىبە ئارقىلىق نۇرغۇنلىغان قايىل قىلارلىق ئەمەلىي پاكىتلارنى ئىگىلىگەندىن كېيىنلا ئاندىن بۇ خىل كۆز قارىشىنى ئۆزگەرتكەن. (5)

## ئاددىي شارائىتتىمۇ

دۇنياغا مەشھۇر مىكروبشۇناس ۋە ھاشاراتشۇناسلىقنىڭ پېشۋاسى فابرې 19 ياشقا كىرگەندە بىر باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ. ئۇ: «ئوقۇغۇچىلىرىمنىڭ ھەممىسى يېزىدىن كەلگەن، ئۇلار يەنە يېزىغا قايتىپ كېتىدۇ، شۇڭا مەن ئۇلارغا تۇپراقنىڭ تەركىبى، ئۆسۈملۈكلەرگە كېرەكلىك ئوزۇقلۇق ماددىلار توغرىلىق كۆپ سۆزلەپ بېرىشىم ھەمدە ئۇلارغا سوپۇن ياساش بىلىملىرىنى ئۆگىتىپ قويۇشۇم كېرەك» دەپ ئويلايدۇ. ئۇ ئاددىي شارائىتتا يارىشا ئىش كۆرۈپ، غاگزىنىڭ سەيخانىسىنى بوتا ئورنىدا، بېدىيان قاچىلايدىغان ئەينەك شىشىنى ئەگرى بويۇنلۇق شىشە ئورنىدا ئىشلىتىپ، باللارغا تەجرىبە قىلدۇرىدۇ. «باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ھېچقانداق بىرەر ئوقۇتقۇچىسى ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي بۇرچىنى ئۇنىڭدەك چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتكەن ئەمەس». مانا بۇ كېيىنكىلەرنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن باھاسىدۇر. (5)

## ئېدىسوننىڭ پۇشايمىنى

ئېدىسوننىڭ دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەن كۈنى كەچتە ئامېرىكىلىقلار ئۇنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ئېلېكتر چىراقلىرىنى بىر مىنۇت ئۆچۈرۈپ قويغان. ئەمما ئېدىسون ئېلېكتر چىرىقىنى كەشىپ قىلىۋېتىپ «ئېلېكترون»نى بايقاپ ئېلىش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويغانلىقىدىن بەكمۇ پۇشايمان قىلغان ئىدى.

ئېدىسون لامپا ئىچىگە كىرگۈزگەن مىس سىمدىن ئاجىز توك ئېقىمىنىڭ ئۆتۈۋاتقانلىقىنى سەزگەن بولسىمۇ، بىراق بۇ ئىشقا سەل قارىغان، ئەمەلىيەتتە بۇ سېزىلگىنى تۇنجى ئېلېكترون لامپا ھەمدە تۇنجى قېتىم بايقالغان ئېلېكترون ئېقىمى ئىدى. فىرامىن بۇ ئىش ئۈستىدە چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق مۇسبەت قۇتۇپتىن مەنپىي قۇتۇپقا قاراپ ئاققان زەررىلەر ئېقىمى — ئېلېكترون ئېقىمى ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويدى. (5)

## بىلىكى يوق ئىسكىرىپكىچى

گېرمانىيىلىك كارىل ئۇۋىن تون تارىختىكى ئەڭ ئاتاقلىق بىلىكى يوق مۇزىكانت. ئۇ تۇغۇلۇشىدىلا ئىككى بىلىكى يوق تۇغۇلغان بولۇپ، ئاتا - ئانىسى ئۇنى كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىگەن ۋە ئۇلار كارىل ئۇۋىن توننى كەلگۈسىدە ئۆز كۈنىنى ئۆزى ئالالايدىغان قىلىش ئۈچۈن مۇنداق قائىدە بەلگىلىگەن: بىرىنچى، ھەرقانداق كىشىنىڭ ئۇنىڭغا قارىتا ئىچ ئاغرىتىشىغا يول قويماسلىق؛ ئىككىنچى، يالىڭاياق يۈرۈش، پۇتى بىلەن ئىش قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىش؛ ئۈچىنچى، ئۆزى خالىغان ئىشلارنى قىلىش. كارىل كىچىكىدىنلا مۇزىكىنى ياخشى كۆرەتتى. شۇڭا ئۇ ئىسكىرىپكا ئۆگىنىشنى ئۆمۈرلۈك ئىش قىلىپ تاللىۋالدى. 1868 - يىلى 20 ياشلىق كارىل ۋېنا مۇزىكا زالىدا بىر مەيدان ئويۇن قويۇشقا قاتنىشىدۇ. ئۇ سول پۇتى بىلەن كامالچىنى تۇتۇپ، ئوڭ پۇتى بىلەن تارىنى بېسىپ مۇزىكىنى باشلىۋېتىدۇ. مۇزىكا ئاخىرلاشقاندا، ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئالقىش ساداسىغا مۇيەسسەر بولىدۇ. (4)

## بالزاكنىڭ يېزىقچىلىق ئىستىلى

پارىژنىڭ 16 - رايونىدا بالزاكنىڭ ئۆيى دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئىخچاملىق ئۆي بار. بۇ يەردە بالزاك 1840 - يىلدىن 1847 - يىلغىچىلىك ئولتۇرغان ئىدى. ئۆيگە بىر دانە ئۈستەل، بىر دانە ئورۇندۇق قويۇلغان بولۇپ، قالغان بوش ئورۇندىن ئارانلا ئايلىنىپ ئۆتكىلى بولاتتى. بالزاكنىڭ قەرزى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ئامالسىزلىقتىن بۇ ئۆيدە ئولتۇرغان ئىدى. ھەتتا ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە قەرزنى تۈگىتىپ بولالمىغان. ھېلىقى بىر دانە ئۈستەل بىلەن ئورۇندۇق بالزاكنىڭ بىردىن بىر مۈلكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بالزاك قەرزىنىڭ كۆپلۈكىدىن پارىژ شەھىرىدە 11 قېتىم ئۆي كۆچكەن. ئۇ نەگە كۆچۈپ بارمىسۇن ئۈستەل بىلەن ئورۇندۇقنى بىللە ئېلىپ بارغان. ئۇ مۇشۇ ئۈستەل ئالدىدا ئولتۇرۇپ «ئىنسان كومېدىيىسى»نى يېزىپ چىققان. (5)

## ئەپۇ سوراش

بىر كۈنى مارك تېۋىن مەشھۇر ئايال يازغۇچى ئىستوك خانىمنى يوقلاپ قايتىپ كېلىپ، ئايالىدىن گالستۇك تاقىماي چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئۇقىدۇ - دە، بۇنىڭ بەك ئەدەبسىزلىك بولغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي ئىستوك خانىم مارك تېۋىندىن كەلگەن بىر قۇتىنى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە بىر گالستۇك ۋە بىر پارچە خەت بار ئىدى. خەتتە مۇنداق دەپ يېزىلغان: ئۆتكەندە مەن سىزنى يوقلاپ بارغاندا، گالستۇك تاقىماي بارغان ئىكەنمەن، بەك ئەدەبسىزلىك بولۇپتۇ. ئەپۇ سورايمەن. سىزنىڭ يېنىڭىزدا يېرىم سائەتچە ئولتۇرغان ئىدىم. سىز مەن ئەۋەتكەن بۇ گالستۇكنى چىقىرىپ، يېرىم سائەت كۆرۈۋالغاندىن كېيىن يەنە ماڭا قايتۇرۇپ بەرسىڭىز، چۈنكى مەندە پەقەت مۇشۇ بىرلا گالستۇك بار. (5)



# ھېسسىياتتا بۆلۈنۈش بولغاندا

ئادەم دۇنياغا تۆرەلىپ ئىنكاھلىنىشتىن ئىلگىرى سىياسىي ئامىل ۋە ئالاھىدە ئەھۋاللارنى قايرىپ قويىمىز، قانداشلىق مۇناسىۋىتى ئاتا - ئانىلارنىڭ (ئەرنىڭ ياكى ئايالنىڭ) كۆڭلىدىكى ھۆرمەتلەيدىغان مەبۇدىنى ۋە ئەڭ يېقىن كىشىسىنى بەلگىلەيدۇ. ئاتا - ئانىلار ئۆزلىرىنىڭ مۇھەببىتىنى پەرزەنتلىرىگە بېغىشلايدۇ. پەرزەنتلەرمۇ ئۆزىنىڭ بارلىق مۇھەببىتى بىلەن ئاتا - ئانىسىغا جاۋاب قايتۇرىدۇ. ئاتا - ئانا پەرزەنتلەرنىڭ مۇھەببىتى ئاقىدىغان ئاساسىي ئوبيېكتى ئەلۋەتتە، پەرزەنتلەرنىڭمۇ ئوقۇتقۇچىسىغا، ئۆزىنىڭ قېرىنداشلىرىغا، دوست - يارەنلىرىگە قارىتا مۇھەببەت ھېسسىياتى بولىدۇ. ئەمما ئادەتتىكى ئەھۋال ئاستىدا بۇنداق ھېسسىيات كىشىلىك ھاياتتا ھېسسىياتنىڭ دەسلەپكى بۆلۈنۈشىنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ كىشىلىك ھاياتتىكى ھېسسىياتنىڭ چوڭ قايتا بۆلۈنۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارمايدۇ. ئۇنى ئاتا - ئانىلارغا بولغان مۇھەببەت ھېسسىياتى بىلەن سېلىشتۇرغاندا بۇ ھەرگىزمۇ يېتەكچى ئورۇنغا چىقالمايدۇ. ئەمما ياش قىز - يىگىتلەر ئىنكاھلىنىش باسقۇچىغا يەتكەندە، ئۇلارنىڭ ھېسسىياتىدا تۇنجى قېتىم چوڭ بۆلۈنۈش يۈز بېرىدۇ، ئاتا - ئانىسىدىن باشقا سۆيگىنى ياكى ئايالى ئۇنىڭ (ئەر ياكى ئايالنىڭ) مۇھەببەت بېغىشلايدىغان يەنە بىر ئاساسىي ئوبيېكتىغا ئايلىنىدۇ. ئەگەر ئاتا - ئانىلار بۇ قايتا بۆلۈنۈشكە توغرا مۇئامىلە قىلمىسا، پەرزەنتلىرىمىز بىزنى چىن كۆڭلىدىن ياخشى كۆرمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ، دەپ ئويلاپ، غېرىبسىنىپ قالىدۇ.

كىشىلىك ھايات سەپىرىدىكى ھېسسىياتنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق چوڭ بۆلۈنۈشى ياش ئەر - ئاياللار پەرزەنت كۆرگەندىن كېيىن يۈز بېرىدۇ، كۆپىنچە ياش ئەر - ئاياللار پەرزەنت كۆرگەندىن كېيىن، ھېسسىياتنى ئاساسەن پەرزەنتكىلا بېغىشلايدۇ. ھەتتا ئېرىگە بولغان مۇھەببىتىنىڭ بىر قىسمىمۇ پەرزەنتلىرىگە بولغان مۇھەببەتكە ئايلىنىپ كېتىدۇ. شۇڭا بەزى ئەرلەر ئايالىنى مېنىڭ بىلەن كارى يوق بولۇپ قالدى، ھەتتا «ئۆزگىرىپ كەتتى» دەپ ھېس قىلىدۇ. ئەر يولداشلارمۇ قىسمەن ھېسسىياتىنى پەرزەنتلىرىگە بېغىشلايدۇ. ئەمما ئەرلەرنىڭ بۇ ھېسسىياتى ئاياللارنىڭ ھېسسىياتىغا قارىغاندا ئۇنچىۋالا كۈچلۈك بولمايدۇ، خالاس. ئەلۋەتتە، ئەر-ئايال ئىككىيلەن ھېسسىياتنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق چوڭ قايتا بۆلۈنۈشىنىڭ داۋلىسىنى چۈشەنسە پەرزەنتلىرىگە بولغان ھېسسىياتىدىن ئاگاھلىق ھالدا تېخىمۇ كۆپ ھېسسىيات ئورتاقلىقى تېپىپ، يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان چۈشەنمەسلىكتىن ساقلىنالايدۇ.

ھېسسىياتنىڭ قايتا بۆلۈنۈشى مەلۇم ئەخلاق نۇقتىئىنەزەرىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ، ئەلۋەتتە. بۇ، ئاتا - ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى بېقىشى، پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا - ئانىلارغا قارىشى ھەمدە ئەر - ئاياللارنىڭ بىر-بىرىنى ياخشى كۆرۈشىدىن ئىبارەت ئەخلاق مىزانىدىن ئايرىلالمايدۇ. ھېسسىياتنىڭ قايتا بۆلۈنۈشىگە توغرا مۇئامىلە قىلىش، ئائىلىنىڭ ئىناقلىقىنى قوغداش، توغرا ئەخلاق نۇقتىئىنەزەرىنى تىكلەش، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە زور ئەھمىيەتكە ئىگە. (5)

---

بىلگىنىڭنى ئەلدىن يوشۇرما

# 21 - ئەسىردىكى كىنوخانىلار



مۇتەخەسسىسلەر، يېقىندىن كۆللەنگەن چوڭ كۆرۈنۈشلۈك كىنوخانىلار ۋە پۈتۈن كۆرۈنۈشلۈك ستېرېئولۇق كىنوخانىلار كەلگۈسىدە كەڭ تاماشىبىنلارنىڭ كۆڭۈل ئاچىدىغان سەھنىسى بولۇپ قالىدىغانلىقى ھەققىدە ئالدىن مەلۇمات بەردى.

كەلگۈسىدىكى كىنوخانىلار، بىزھازىر دائىم كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان كەڭ ئېكرانلىق ۋە ستېرېئولۇق كىنوخانىلارغا ئوخشىمايدىكەن. بەلكى ئۇ بىر خىل گۈمبەز شەكىللىك بولىدىكەن. كىشىلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان ھەۋەسلىرىگە ئاساسەن، گۈمبەز شەكىللىك كىنوخانىلارنىڭ شەكلىمۇ ھەر خىل بولىدىكەن. بۇ خىل كىنوخانىلارنىڭ ئېكران ئىچىدىكى كۆرۈنۈشلىرى كىنوخانىدىكى تاماشىبىنلارنىڭ بېشىدىن ئايلىنىپ ئۆتكەچكە، كىشىلەرگە پۈتۈن مەيدان ئېكراندىكى كۆرۈنۈشلەر بىلەن تۇتىشىپ كەتكەندەك تۇيغۇ بېرىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ تاماشىبىنلارنى ئاجايىپ سىرلىق شاد - خۇراملىققا چۆمگەن بىر سەھنىگە باشلاپ كىرىدىكەن.

1 . ئادەتتىن تاشقىرى ستېرېئولۇق پۈتۈن كۆرۈنۈشلۈك كىنوخانىلار. 1985 - يىلى ياپونىيە خۇداتۇڭ كۆرگەزمە زالىدىكى ستېرېئولۇق پۈتۈن كۆرۈنۈشلۈك بىر كىنوخانا ئېلېكترونلۇق مېڭە كونتروللۇقىدىكى ئادەتتىن تاشقىرى ستېرېئولۇق فىلىم ئىشلەتكەن. كىنو قويۇلغان چاغدا، ئېكراندىكى كۆرۈنۈشلەر بوشلۇقتا سەكرەپ چىقىپ پەرۋاز قىلغاندەك، كىشىلەردە كىنوخانىدا پەقەت ئېكران يوقتەك بىر تۇيغۇ بېرىدىكەن ھەمدە يۈرەكنى ئېزىپ تاشلايدىغان يېقىملىق مۇزىكىلار كىشىلەرنىڭ قۇلاق تۈۋىدە خۇددى دېڭىز دولقۇنلىرىدەك ئەكس سادا چىقىرىپ، ئۇلارنى خىيالىي ۋە تولىمۇ گۈزەل بىر دۇنياغا باشلاپ كىرىدىكەن.

2 . شارقىراتمىلىق ئالاھىدە كەڭ ئېكرانلىق كىنوخانىلار سەنجىن سارىيىنىڭ ئىچىدىكى شارقىراتما تىياتىرخانا بولۇپ، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى، كىنو ئېكرانى شارقىراتما ئۆزگىرىش ھالىتىنى پەيدا قىلىدىكەن. ئەسلىدە، بۇ تىياتىرخانا 13 سۇناسۇسى ئارقىلىق 130 تونىنا سۇنى چوڭ ئېكراننىڭ ئاستىنى بويلىتىپ ئاقتۇرۇپ، ئېگىزلىكى يەتتە مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 40 مېتىر بىر شارقىراتما شەكىللەندۈرىدىكەن، بۇ شارقىراتما كىنو ئېكرانىنىڭ كىنو قويۇشقا ماسلىشىپ، ئىچكى جەھەتتىن بىرلەشكەن ئالاھىدە ئۇنۇمگە ئېرىشىدىكەن. مەنزىرىلىك فىلىملەرنى قويغاندا يەنە شۇ شارقىراتما ماسلىشىپ بېرىدىكەن؛ شارقىراتما چىراق نۇرىنىڭ يورۇتۇشى ئارقىسىدا، زور ھەۋەس - ھۇزۇر پەيدا قىلىپ، تەبىئەتنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى ئەينەن ھالدا قايتا پەيدا قىلىدىكەن. تېخىمۇ ئېنىقى، تاماشىبىنلار بۇرۇنقىدەكلا ئۆز ئورنىدا ئولتۇرۇپ كىنو كۆرۈپ قالماستىن، بەلكى يەنە 21 ئورۇندىكى ئۈچار ماشىنىلاردىن پايدىلىنىپ، مەيداننىڭ ئىچىدە ئايلىنىپ يۈرۈپ كىنو كۆرەلەيدىكەن ياكى بوشلۇقنى تەكشۈرۈپ تۇرالايدىكەن، مەيداننىڭ ئىچىدە شارقىراتما تېز ئاققانلىقتىن چاچراپ چىققان سۇ فونتانلىرى پۈتكۈل بوشلۇقنى قاپلاپ كېتىدىكەن - دە، تاماشىبىنلار سۇنىڭ ھىدىنى «يۇراپ» سالقىنلىق ھېس قىلىشىدىكەن.

# قانداق قىلسام ئۇنىڭ بىلەن ئىتتىپاقلىشالايمەن؟



يولداش مۇھەررىر:

يېقىندا سىنىپ ھەيئەتلىرى بىلەن ئىتتىپاق ياچېيكا ھەيئەتلىرى ئوتتۇرىسىدا بۆلۈنۈش كېلىپ چىقتى. بۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەب: سىنىپىمىزدىكى ساۋاقداشلارنىڭ ھەممىسى ئىتتىپاق ئەزاسى بولغاچقا ئىتتىپاق شۇجىسى ئۆزىنى «سىنىپتىكى ئەڭ ئالىي رەھبەر» ھېسابلاپ، نۇرغۇن ئىشلارنى ئۆزى بىلگىنىچە قىلدى. بىز سىنىپ كادىرلىرىنى پەقەت كۆزگە ئىلمىدى، مەنمۇ سىنىپ باشلىقى بولغاندىكەن دەپ نۇرغۇن ئىشلارنى ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلەشمەي، «ئۆز بىلگىنىمچە» قىلدىم، شۇنىڭ بىلەن سىنىپ ئىچىدە ئىككى قۇتۇپ شەكىللەندى. خىزمىتىمىزدە بولسا بىر قەدەممۇ ئىلگىرىلەش بولمىدى.

يولداش مۇھەررىر: ئىتتىپاق شۇجىسى بىلەن ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى قانداق ھەل قىلىشىم كېرەك؟

غۇلجىدىن: ماھىرە

ساۋاقداش ماھىرە:

سىزنىڭ ئىتتىپاق شۇجىسى بىلەن زىددىيەتلىشىپ قېلىشىڭىز خىزمەتتىكى «ئۆز بىلگىنىچە قىلىش» تىن كېلىپ چىققان. بۇ مۇناسىۋەتنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن سەممىي بولۇش كېرەك. ئۆزىڭىزنىڭ يامان نىيىتىنى چىقىش قىلىش بىر سىنىپ كادىرىدا بولۇشقا تېگىشلىك خىسلەت ئەمەس. كىشىلەر دائىم: «گېنېرالنىڭ سالاپىتى» دېگىنىمىزدە بىر كىشىنىڭ تەربىيىلىنىشى، پەم - پاراسىتى ۋە غايىسى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ دەپ ئېيتىدۇ. بىر كادىر بولغان كىشى بىر ئىشنىڭ يېپىدىن - يىڭنىسىغىچە ھېسابلىشىشتىن ساقلىنىش كېرەك. ئەمما ياچېيكا شۇجىسىنىڭ ئۆز خىزمەت دائىرىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى باشقا ياچېيكا ھەيئەتلىرى بىلەن مەسلىھەتلەشكەن ئاساستا بېجىرىش ۋە قارار قىلىش ھوقۇقى بار. لېكىن باشقا ئىشلاردا ئىتتىپاق شۇجىسى سىلەرنىڭ مەسلىھەتىڭلەرگە قوشۇلمىسا توغرا قىلمىغان بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا خىزمەتنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ئىتتىپاقلىقنى مەركەز قىلغان ئاساستا ئىتتىپاق شۇجىسىنى ھۆرمەتلەپ، بەزى ئىشلاردا ئۇنى جۇدۇگلۇق بىلەن ئىزدەپ مەسلىھەت بىلەن ئىش قىلىشىڭىز كېرەك. مۇشۇنداق قىلالىغاندىلا بولسىڭىز قارشى تەرەپمۇ ئۆزلىرىنى چۈشىنىش جەريانىدا تەربىيىگە ئىگە بولۇپ، ئەسلىدىكى ئويى- خىيالى ۋە خىزمەت ئىشلەش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىدۇ.

ئۇندىن باشقا سىز جۇدۇگلۇق بىلەن ئىتتىپاق شۇجىسىنى ئىزدەپ تېپىپ، ئىككىڭلار ئوتتۇرىسىدىكى بۇ نورمالسىزلىقنىڭ يالغۇز شەخسىي ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى كوللېكتىپ ئۈچۈنمۇ ھېچقانداق پايدىسى يوقلۇقى توغرىسىدا سۆھبەت ئېلىپ بېرىڭ. مۇشۇنداق قىلالىغاندىلا بولسىڭىز بۇ زىددىيەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلالايسىز. (6)

— مۇھەررىر

# بۇ قىلماقچى بولغانلىرىم توغرىمۇ ياكى خاتامۇ؟



يولداش مۇھەررىر:

مەن يولدىشىم بىلەن توي قىلغىلى بەش يىلدىن ئاشتى، بۇ جەرياندا مۇناسىۋىتىمىز ناھايىتى ياخشى بولۇپ كەلگەن ئىدى. يولدىشىمنىڭ ئىختىساسلىق بولۇشى ئۈچۈن، كۈندىلىك ئائىلە ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئالدىمغا قىلاتتىم، شۇنىڭ بىلەن يولدىشىم مەلۇم تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئىمتىھان بېرىپ كىردى. ئەمما ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يولدىشىمنىڭ ماڭا بولغان مۇھەببىتىنىڭ سۇسلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، بىر ناتونۇش قىز بىلەن بېرىش - كېلىش قىلىدىغانلىقىنى بايقاپ قالدىم. بىر كۈنى ئۇ ماڭا: «ئىككىمىزنىڭ ئورتاقلىقىمىز يوق ئىكەن، ئاجرىشىپ كېتەيلى» دېگەن تەلەپنى قويدى. مەن ئۇنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆزەمنىڭ قىلغان ئەقىدەمگە تولىمۇ ئېچىندىم. شۇنىڭ بىلەن كۆڭلۈمدە ئاجراشماي تۇرۇۋېلىپ، ئۇنى قانۇنىي جازاغا قويۇش قارارىغا كەلدىم.

يولداش مۇھەررىر: بۇ قىلماقچى بولغانلىرىم توغرىمۇ-خاتا؟

قەشقەردىن: ئايشەم

يولداش ئايشەم:

سىز توي قىلغاندىن كېيىن پۈتۈنلەي ئائىلە ئىشلىرى بىلەن بەنت بولۇپ، ئۆز كەسپىڭىزگە سەل قاراش بەدىلىگە قارشى تەرەپنى كامالەتكە يەتكۈزۈپسىز. بۇ مۇھەببەتنىڭ بىر تەرىپى بولۇپ، بۇ بىر قاراشتا توغرىدەك كۆرۈنسىمۇ، بىراق ئۆزىڭىزنىڭ تەرەققىي قىلىشىڭىزغا سەل قاراش نۇقتىسىنى چىقىش قىلغاندا يەنىلا مۇۋاپىق بولمىغان، بۇلار ئىككىڭلارنىڭ ئايرىلىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولۇۋاتقان مۇھىم سەۋەب بولۇشى مۇمكىن.

«يولدىشىڭىز ئاجرىشىپ كېتەيلى» دېسە، سىز بىر قارارغا كەلمەي سوزۇلۇپ تۇرۇۋېلىپ، ئۇنى قانۇنىي جازاغا ئۇچرىتىمەن دەپ ئويلىغانلىقىڭىز ئەقىلگە مۇۋاپىق ئەمەس. ئەڭ مۇھىمى سىز مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار ۋە يېقىن ئۆتكەن كىشىلىرىڭىز ئارقىلىق يۈز بەرگەن ئەھۋاللارنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش بىلەن بىرگە، ئارتۇقچىلىقىڭىزنى جارى قىلدۇرۇشىڭىز، كەمبەرلىرىڭىزنى تولۇقلىشىڭىز، كۆپرەك سىردىشىپ، يولدىشىڭىزنىڭ ئۆز خاتالىقىنى تونۇۋېلىشىغا ياردەم بېرىشىڭىز لازىم. ئەمما مۇھەببەت ۋە ئائىلە تۇرمۇشىدا ھەقىقەتەن يىرىكلىشىپ كېلىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلسە، بۇنداق يىرىكلىشىپ كېلىشنى ياخشى تەرەپكە ئۆزگەرتكىلى بولمىسا سۆرىشىپ يۈرگەندىن ئاجرىشىپ كەتكەن تۈزۈك.

سىز دۇچ كەلگەن بۇ ئىشلارنى مەيلى قانداقلا بىر تەرەپ قىلماڭ، ھەر ھالدا تەجرىبە- ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، بۇندىن كېيىنكى ئائىلە تۇرمۇشى، خىزمەت، ئۆگىنىش قاتارلىق ئىشلارنى كۆڭۈلدىكىدەك بىر تەرەپ قىلىشقا ئىشەنچ تۇرغۇزۇشىڭىز كېرەك. (6)

— مۇھەررىر



# ھېسسىيات ۋە سالامەتلىك توغرىسىدا ئىككى ئېغىز سۆز

ھېسسىيات ئاكتىپ ھېسسىيات ۋە پاسسىپ ھېسسىيات دەپ ئايرىلىدۇ. ئاكتىپ ھېسسىيات سەنئەتتىن ھوزۇر ئېلىش، تەبىئەتنى تاماشا قىلىش، مېھنەت مېۋىسىنىڭ لەززىتىدىن، ئائىلىنىڭ ئىللىقلىقىدىن ۋە بەختلىك مۇھەببەتتىن بەھرىمەن بولۇش قاتارلىقلار بولۇپ، بۇنداق ئاكتىپ ھېسسىيات كىشىلەرنى ئالغا بېسىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ، كىشىلەرنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتىدۇ.

پاسسىپ ھېسسىيات بولسا كىشىلەرنىڭ روھىي ۋە جىسمانىي ساغلاملىقىغا نىسبەتەن كۆپلىگەن ناچار تەسىرلەرنى كۆرسىتىدۇ. تىببىي پەن پاسسىپ ئامىلنىڭ قان بېسىمى يۇقىرىلىق كېسەللىكىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە قىسمەن قان ئازلىق كېسەللىكىنىڭ قوزغىلىشى بىلەن بىۋاسىتە باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

ھېسسىياتنىڭ جىددىيلىك دەرىجىسىنىڭ ئىنكاسى كىشىلەردە ئوخشاش بولمايدۇ. كىشى جىددىي ھالەتتە تۇرغاندا قان تەركىبىدىكى بۆرەك ئۈستى بېزى ھورمونى ۋە نورادرېنالىننىڭ مىقدارى كۆپىيىدۇ. كۆپىيىش سەۋىيىسى، ھېسسىيات جىددىيلىكىنىڭ دەرىجىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بەزى ئالىملار ستۇدېنتلاردىن ئىمتىھان ئالغان ۋاقىتتا ئىمتىھان ئالغۇچى ئاساسىي ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تېنىدىكى بۆرەك ئۈستى بېزى ھورمونى ۋە نورادرېنالىننىڭ مىقدارى ستۇدېنتلارنىڭكىدىنمۇ يۇقىرى بولغان، بۇ شۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆزىنىڭ ئوقۇتۇش خىزمىتىنىڭ يەكۈنىگە بەكمۇ كۆڭۈل بۆلگەنلىكىدىن بولىدىكەن.

كىشىلەرنىڭ ئوخشاش بىر خىل ھېسسىي مۇھىتتا بولغان ئىنكاسىنى ئۈچ خىل تىپقا ئايرىشقا بولىدىكەن. بىرىنچى خىلى، «ئىنچىكە ئىنكاسلىق تىپ»لىقلار؛ ئىككىنچى خىلى، «ئالدىراڭغۇ تىپ»لىقلار؛ ئۈچىنچى خىلى، «ئېتىلىپ چىقىشقا تەييار تۇرغان ھالەت تىپى»لىقلار. بىرىنچى خىل تىپتىكى كىشىلەر، بىرەر ئىشقا يولۇققاندا، ئاسانلىقچە ھاياجانلانمايدىكەن؛ ئىككىنچى خىل تىپتىكى كىشىلەر بىر ئاز ئالدىراڭغۇ كېلىدىكەن؛ ئۈچىنچى خىل تىپتىكى كىشىلەردە بىرەر ئىش بىلەن شۇغۇللانماي تۇرۇپلا ئۇ ئىشقا نىسبەتەن كۈچلۈك ئىنكاس كۆرۈلىدىكەن، ئۇلارنىڭ كەيپىياتى جىددىيلىشىپ، تومۇرىنىڭ سېلىشى تېزلىشىپ، قان بېسىمى ئۆرلەپ كېتىدىكەن. بۇلار تەن ساغلاملىقى ۋە خىزمەتكە نىسبەتەن پايدىسىزدۇر.

بۇنىڭدىن مۇنداق ئىككى تۈرلۈك يەكۈنگە ئىگە بولۇش مۇمكىن: بىرى، ھەر بىر كىشى ئۆزىنى، بىرەر پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغاندا سالماق بولىدىغان ياخشى بىر خىل روھىي ھالەتنى ۋە توغرا كەيپىياتنى ساقلىيالايدىغان قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشى لازىم. يەنە بىرى، ئادەم تاللاشتا، ئاساسلىق شەرتلەرگە ئەھمىيەت بەرگەنىنىڭ سىرتىدا، يەنە ئوخشاش بولمىغان خىزمەتلەرنىڭ تەلەپلىرىنىمۇ ئويلىشىش كېرەك. (5)

(ئابلەت مەھەممەد رەتلىگەن)



ئۇ نېمىگە سەل قارىغان
1) 1941- يىلى، بىر كۈنى كەچتە
لوندون ساقچى ئازارىتىنىڭ پود-
پولكوۋنىكى روبېرت كۈلۈبىدا كې-
لىپ سىرلىق ھېكايىلەرنى مۇھاكىمە
قىلىشقا قىزىقىدىغان بىر تۈپ كىشى-
لەرگە مۇنداق بىر ئىشنى ئېيتىپ
بېرىپتۇ:
2) «يېقىندا بىر قاتىللىق ئادەم جەنۇبىي ئامېرىكىدىن لوند-
ونغا كەلدى، بىز ئۇنىڭ بىزدە ئەنگلىيىدە جاسۇسلۇق پائالىيەت-
لىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئىشلىتىش ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن تۆرت مىڭ
پۇل بارلىقىنى سېزىپ قېلىپ، پاراخوتتىن چۈشكەندىن كېيىن قەد-
ەمدە ئاپتوموبىلغا سوقتۇرۇپ ئۇ ئادەمنى دوختۇرخانىدا ياتقۇزۇپ،
ھەممە نەرسىلىرىنى ئاختۇرۇپ چىقتۇق. ئۇنىڭدا پەقەت بىرىتانىيە-
دىكى دوستىدىن كەلگەن بىرمۇنچە خەتلەردىن باشقا ھېچنەرسە چىق-
مىدى».
3) پودپولكوۋنىك ئەھۋالنى تونۇشتۇرۇپ بولغاندىن
كېيىن، تەھلىل قىلىپ مۇنداق دېدى: ئۇ پۇلنى پوچتا
ئارقىلىق چېگرىدىن ئۆتكۈزۈۋالغانمىدۇ، دېگەننى ئويلاش-
تۇق، لېكىن ئۇنچىۋالا جىق پۇلنى ئۇرۇش مەزگىلىدە پوچ-
تا ئارقىلىق چېگرىدىن ئۆتكۈزۈش مۇمكىن ئەمەس. بىز
يەنە ئۇنىڭ پۇلنى ياقۇتقا ئايلاندۇرۇپ بەدىنىنىڭ بى-
رەر يېرىگە ئورۇنلاشتۇرۇۋالغان بولۇشى مۇمكىن دېيىشتۇق،
لېكىن رېنتگېن ئارقىلىق تەكشۈرگەندە بۇ گۇمانىمىز يوققا
چىقتى. ئەتە ئەتىگەندە بۇ ئادەم دوختۇرخانىدىن چىق-
قىپ، ئادەم دېڭىزغا قوشۇلۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن،
بۇ ئادەم 300 مىڭ فوندستېرلىڭلىك قىممەتتىكى نەرسى-
نى قانداق يوشۇرىدۇ؟ بۇ ھەقتە ئەقىل كۆرسىتەلەمسىلەر؟
4) كۈلۈپ ئەزالىرى ئۆز ئارا بىر-
نەچچە مىنۇت پىچىرلاشقاندىن كېيىن كۈلۈب-
نىڭ رەئىسى مۇنداق دېدى: «پودپولكوۋنىك
ئەپەندى، بىزچە سىز خېلى روشەن بىر نەر-
سىگە پەرۋا قىلماپسىز». ھۆرمەتلىك كىتاب-
خان، ئويلاپ كۆرۈڭ، پودپولكوۋنىك نېمىگە
سەل قارىغان. (3)

1986 - يىل
ئاۋغۇست
(8 - سان)

## جەڭچى ئوغلۇمغا

ساتتار توختى

ھۇر ۋەتەن مېھرى بىلەن ئۈستۈڭ بولغان ئوغلان بولۇپ،
ئەلنى قوغداشقا قورال ئالدىڭ مانا مەردان بولۇپ.

جەڭچى نامىڭدىن سۆيۈندى ئاتىلىق قەلبىم ئەجەپ،
چاقنىدى شەپكەڭدىكى يۇلتۇز ماڭا چولپان بولۇپ.

ئاپتومات زەپمۇ ياراشقان قامەتىڭدىن ئۆرگىلەي،
اغ سۈپەت بەستىڭ كۆرۈندى رۇستەمى داستان بولۇپ.

چېگرىلىق ئىلكىدە ئۇلتۇم ۋەتەنگە مەن سېنى،
ۋش بالام چېگراغا ماڭ ئەل بەختىگە قالقان بولۇپ.

جان پىدا ئەيلەپ ۋەتەنگە، مەرتلىكىڭدىن قىل رىزا،
شادلىنارمەن بىر ئۆمۈر، ئالىلاڭ ئاتاق پالۋان بولۇپ.

## بولسام

مەھەممەد مۇسا

كۆلەتتى ئارزۇ - ئارمانىم ئىجادتىن گۈل ئاچار بولسام،
ئىجادىم باغىدىن ھەريان بۇيى - ئەنبەر چاچار بولسام.

ئەشۇ مەقسەت مىرادىمغا يېتىشنى مەن نىيەت قىلدىم،
مىرادىم ھەل، ئىلىم - پەننىڭ داۋانىدىن ئاشار بولسام.

شۇڭا ھىممەت كەمەرنى بېلىمىگە باغلىدىم مەھكەم،
بۇ يولدا كەلسە دۇچ مۇشكۈل بويۇن ئەگمەس چىنار بولسام.

ئانام ئاق سۈت بېرىپ باقتى، ئانامنىڭ ئەجرى بويىنۇمدا،
قىيامەتلىك قەرز قالغاي جاپادىن گەر قاچار بولسام.

زامانەم كەڭ قۇچاق ئاچتى، بەخت كەلدى ماڭا قوشلاپ،
يۈرەكتىن كۈيلىرىم دەريا شېئىر - نەزمە قاتار بولسام.

يۈرەك قانلىرىم بىرلە سۇغارغان گۈل ئىجادىمدىن،
تىزىپ گۈل دەستىلەر ئەلگە ئۆمۈر ۋايەت تۇتار بولسام.

ئىجادىمدىن بولۇپ رازى دېسە ئوغلۇم ئەگەر خەلقىم،
يېتىپ مەقسەت - مىرادىمغا ئۆمۈرلۈك بەختىيار بولسام.

## ئەھدىم

ئىبراش ئىمىن (جەڭچى)

ئارزۇلاپ قاتناشتىم باتۇر قوشۇنغا،
خەلقىمنىڭ مېھرىنى قەلبىمگە تېڭىپ.
قەرزىمنى يۈز دەسسە ئاداقىلىمەن،
ئالدىمغا دۇچ كەلگەن مۇشكۈلنى يېڭىپ.

چۈنكى مەن قەرزدار بۇ ھۆر دەۋرانغا،
يېتەلگەچ ئۇنىڭكى تەر ۋە ئەجرىدە.

## دادامۇ ئانامدەك مۇھتەرەم

رەپىقەتجان خېلىل

ھەر قانداق بىر شائىر پۈتۈن ئۆمرىدە،
ئانىنى كۈيلەپ شېئىر يازماي قالمىدى.
لېكىن ئاز دادىنى تىلغا ئالغانلار،
دادىنىڭ پەرزەنتكە مېھرى ئازمىدى؟

مەن ھەرگىز ئۇنداق دەپ قارىيالمايمەن،
دادامۇ ئانامدەك ئېزىز، مۇھتەرەم.
قايسى بەك كۆيۈملۈك ئايرىيالمايمەن،
ئۇلارغا تەڭ مۇھتاج ھەر بىر ھۇجەيرەم.

ھە شۇنداق دادامنىڭ قاپىقى تۈرۈك،
ئانامنىڭ چېھرىدەك مۇلايىم ئەمەس.
لېكىن ئۇ بولمىسا ئەشۇنداق سۈرلۈك،
بولمامتىم بەگباشلىق شارابىدا مەس.

ھاياتلىق يولۇمدا بولۇقسا پېشكەل،
ئانامدەك ئەنسىرەپ كەتمەيدۇ دادام.
قىممەتلەر سالىمۇ بويىنۇمغا ئىشكەل،
ئۇ دەيدۇ ئۆگەنگىن غورۇر ۋە چىدام.

ئۇ شۇنداق مەنىۋى سۈت بېرەر ماڭا،
شۇڭلاشقا ئانامدەك ئېزىز، مۇھتەرەم.
قايسى بەك كۆيۈملۈك ئېيتىپ بېرەلەي؟
ئۇلارغا تەڭ مۇھتاج ھەر بىر ھۇجەيرەم.

## ۋەتەن مۇھەببىتى

قاسىم ھاشىم

ۋەتىنىم ـ سۆيگۈلۈم، جانانىم مېنىڭ،
مۇھەببەت سۆيگۈسى ھەممىدىن ئۇلۇغ.
باغلىدىم ساداقەت كەمەرنى بەلگە،
شەرتىنى ئاقلاشقا ئىمكانىم تولۇق.

تېپىلماس مېنىڭدەك بەختىيار كىشى،
يار ماڭا چىن سۆيگۈ، ئىقبالىم يورۇق.
ياشنايدۇ مەڭگۈكە گۈللەپ ئىجادىم،
ۋەتەندىن ئالغاچقا دەرمان ۋە ئوزۇق.

جاپا...
تەس...
ئەم...
قىل...
جەڭ...
قىل...

ئەش...
بۇ...
ئۇلا...
چىن...

## سۆچى يىگىت

غوپۇر راخمان

سۆچى يىگىت تاغىنىڭ ...
سۈزۈك سۇنى باشلاپ ...
تەشنالىقا قاندۇرۇپ ...
مەغرۇر قەدەم تاشلاپ ك...

ئەشۇ سۇنىڭ ھەر بىر ت...
يۈرىكىمىنى ئويىنىت...
ئىشچان يارنىڭ قاراپ ب...
سېنى ئۇستىەڭ بويىمد...

سېنىڭ ئوتلۇق ۋاپادار ...
سۇ بىلەن تەڭ كېلى...
ساڭا كۆيگەن يۈرەك د...
چىن مۇھەببەت ئوتىنى...

سۆچى يىگىت باشلىغ...
ئۆركەش ياساپ توختىما...
ساڭا ئاتاپ گۈل دەستە...
كۆكرىكىڭدە خۇش پۇرا...

## كىتاب مۇھەبب...

ئىلھامجان ئابل...

مەن كىتاب ئاشىقى، ئۇ ...
ئۇنىڭسىز ھەركېچە كۆزۈم ...
يورۇتقاچ قەلبىمنى ئۇن...
ئۇنىڭدىن ئۆزگىسى شادلى...

ئەزەلدىن كىتابقا ئاشىقم...
ئۇنىڭدىكى تىلسىمات بول...
مەن ئۇندا ئۆزگۈچى غەيۇر ...
شۇ دېڭىز تەگلىرى بەيك...

«دىۋان» دىن ھەر ب...
ئا...
يورۇتار دىلىمنى ھەر قۇر ...
سۇلمايدۇ ئۇ بىلەن ھايا...
يانغاچقا چاراقلاپ ئەقلى...

## شېئىرىيەت گېزىتى

...لىق مېھنەت قىلىپ قىزچىۋپ
...شان ـ شەرەپ،
...رات قوزغايمەن خەلقىم قەلبىدە.

...لدە مەن شۇنداق قىلالمىسامگەر،
...لغان بولىمەن نامەقفاخاس ئىش.
...چىكە ئۇناسىپ ئىش قىلاماق ئۈچۈن،
...مەن بىر مىنۇت توختىماي چېلىش.

...ۇنداق قىلىشقا ئۇندەيدۇ مېنى،
...گۈزەل دەۋرانىم ھەم ئىبزىز خەلقىم.
...رنىڭ ئەجرىگە جاۋاب قايتۇرۇش،
...يۈرەك قەلبىمدىن ئۇرغىغان
ئەھدىم.

### ۋەتەن مېھرىنى ئاقلايمەن

#### مەتقۇربان ئىسمايىل

ئۇلۇغ جۇڭخۇا ئىبزىز تۇپراق،
بەخش ئەتتى ماڭا شادلىق.
ۋەتىنىم، ئانام بار دەپ،
تىلىم چىقتى مېنىڭ تاتلىق:

ۋەتەنىنىڭ قوينىدا ئۆستۈم،
تېنىمگە سىڭدى سۈت قەترە.
قۇياش چاچتى بېشىمغا نۇر،
يولۇمدا كۈلدى گۈل ئەترە.

ۋۇجۇدۇم ياشنىدى ـ كۈلدى،
دىلىمدىن سۆيۈنۈپ كەتتىم.
ۋەتەن مېھرىنى قەلبىمگە،
تاڭدىم، چىڭ نەقىش ئەتتىم.

چاپالار تېپىقىنى چەيلەپ،
ھەمىشە ئالغا ئاتلايمەن.
قەدەمدە كەلتۈرۈپ شەرەپ،
ۋەتەن مېھرىنى ئاقلايمەن.

### ھارارەت

#### ھوشۇر ئىبراھىم

مەن بىلەتتىم، قانار چاڭقاقلىق،
قېنىق دەملەپ چايدىن ئوتلىسا.
يار ئىشقىدا پەسلە يتتى بىر پەس،
ھەر كۆڭلۈكى سېنى يوقلىسا.

بىراق، سېنىڭ چېيىڭدىن ئىچىپ،
ئۇسسۇزلۇقۇم قانمىدى مېنىڭ.
كۆندە قانچە ئۇچراشساقمۇ بىز،
ھارارىتىم يانمىدى مېنىڭ...



### ئىككى شېئىر

#### مامۇت زايىت



...ساغرىدىن،
...بىلەن.
...چۆلىنى،
...لەن.

...ىمچى،
...پ ئۆتەر.
...ولۇڭدا،
... كۆتەر.

...بەرلىك،
...دۇ ئېقىپ.
...لىغا،
... يېقىپ.

...ن سۆيۈك،
...ي ئاقاي.
... تىزدىم،
...ى چاچقاي.

#### ئىجتىھات

«ئالىم ياكى شائىر بولىمەن»
دېيىشتىڭ، ئىدى ھەيرىتىڭ كاتتا.
ئۇتەلمەيمەن داشۇگە ... ئەپسۇس،
نېمە ئىشلار بولماس ھاياتتا.

«ئۆگىنىمەن» دەپ، يەشمە كەمەرنى،
بىلىم، تالانت كانى ـــ جەمئىيەت.
داشۇ سىزمۇ ئالىم، ئەدىبنى،
يېتىشتۈرەر ئىجتىھات، مېھنەت ...

#### ياشلىق سۈرىتى

سۈرىتىنى گۈزەل ياشلىقنىڭ،
سىزماق ئىكەن خىيالىلا قىيىن.
كۆپ ئىزلەندىم، ئۆتتى ئاي ـ يىللار،
تاپتىم ئۇنىڭ يولىنى كېيىن.

دەريا، دۇلپار، ئوت، گۈلزار ئىكەن،
تەبىئەتتە ياشلىق سۈرىتى.
فايىدە بېرەلىسەم، تىرىشچانلىقتا،
ھەر بىر ياشنىڭ ياشلىق قىممىتى.

### ئىشچان يىگىت

#### ئابدۇخېلىل ئابدۇخېۋىر

نامى ئۇلۇغ ئىشچان يىگىت،
ئىش قوينىدا پىشقان يىگىت.
خەلقىمىگە ئىزچىل يارىتىپ،
ھارمايدىغان مەردان يىگىت.

زەپمۇ چىرايلىق خىسلىتى،
ئاشقان پەلەكتىن غەيرىتى.
چۆللەرنى بوستان ئەيلىگەن،
تەرىپى داستان يىگىت.

دىلىنى ئۇ مەدكە تولدۇرۇپ،
گۈللەشكە يۈرتىنى تەر تۆكۈپ،
قۇچماقنى كۆزلەپ شان ـ شەرەپ،
ئېل بەختىچۈن چاپقان يىگىت.

### ئىككى شېئىر

#### تاھىرجان قاسىم

#### ئىزلىنىش

ئىزلىنىش بۇ مېنىڭ ھايات لوگكام،
ئىزلىنىڭ دەپ تۇغقان قەدىرلىك ئانام.
ئىزلىنىپ ھاياتتا قالدۇرىمەن ئىز،
كېرەكمەس ئەزەلدىن ماڭا قۇرۇق نام.

ئىزلىنىپ يېڭىمەن مۈشكۈل خەتەرنى،
قالدۇرۇپ ئارقامدا ئۇزۇن سەپەرنى.
ئىرادە كەمەرنى باغلاپ بېلىمگە،
قازىمەن دۇردانە، ياقۇت ۋە زەرنى.

#### ئۈزۈلمەس رىشتىم

ۋەتىنىم چىن دىلىدىن سۆيىمەن سېنى،
ئۈزۈلمەس مەڭگۈگە مۇھەببەت رىشتىم.
تائابەت ئۈچمەيدۇ سەندىن ئەقىدەم،
ئوت بولۇپ يانىدۇ قەلبىمدە ئىشقىڭ.

ئانامدۇر ۋەتىنىم ئاپئاق سۈت بەرگەن،
كۆلىمەن شۇڭلاشقا بەختىم نۇرلىنىپ.
ئۇچىمەن لاچىندەك پەرۋاز قىپ كۆكتە،
مەرىپەت بېلىمدە مەن قاناتلىنىپ.

...اڭا رەنا،
...يۇمۇلماس؛
...كى مەنا،
...ئۆيۈلماس.

...ن شۇنداق،
...چاچقا دەريا.
...ر قولۇاق،
...كە سەيا.

...ر رەت بەت
...وقان چېچىم،
... ھەر سۆزى؛
...لىق بېشىم،
...يۇلتۇزى.

### تېلېفونىست قىز

#### ئابدۇكېرىم روزى

ئاللىق باھار ئاپتىپى دېيمەن،
خۇش، يېقىملىق چىرىڭنى سېنىڭ.
ئوخشىتىمەن زۇمرەت بۇلاققا،
ئەلگە بولغان مېھرىڭنى سېنىڭ.

سۆيگەچكە ئۇز كەسپىڭنى دىلىدىن،
ۋايىمىدىڭ مۈشكۈل ئالدىدا.
بارچىمىزلى قىلدىپ سەن رازى،
خىزمىتىڭگە قىلدىڭ جان پىدا.

ئىلغار بولۇپ يىلمۇ يىل شۇڭا،
شەرەپ گۈلى تاقىدىڭ كۆپ رەت.
ياخشى خىلەت، ئىش ـ ئىزىڭ بىرلە،
ئەل ئىچىدە تاپتىڭ شان، ھۆرمەت.

### ئىككى شېئىر

#### مۇختەر مەخمۇت

#### تىلىكىم

ماڭا بەرمە ئالتۇن يا كۈمۈش،
ئاتا قىلما يالتىراق شۆھرەت.
بېشىمدىمۇ كۆتەرمەي قويغىن،
كۆتەرگەندىن قورقىمەن قەۋەت.

ياش بولالمىۇ، نادان بولالمىۇ،
ئەيىب ئەتمە كۆڭلۈمنى چۈشەن.
جاندىن ئىبزىز ماڭا دوستلۇقتا ـــ
بىرلا سۆزۈم ـــ ئىشەنگىن ـ ئىشەن!

#### يامغۇر بولۇپ ...

يامغۇر بولۇپ تۆكۈلسەم ساڭا،
يۇيۇپ ئۆتسەم پىراقلىرىڭنى.
ئارمان نېمە، ئەي سۆيگەن گۈلۈم،
ماكان ئەتسەم زىناقلىرىڭنى؟

### قەلبىمدىكى قۇياش

#### داۋۇتجان سەيدىن

نۇر ۋەتەن قەلبىمدە نۇرلۇق قۇياشتۇر،
كۆڭلۈ ـ تۈنۈ ياتماستىن نۇرىنى چاچقان.
شۇ نۇر غايە يۆلىندە ـ ئاشىق ئوغۇلمەن،
شۇ نۇردىن چىن بەخت يولىنى تاپقان.

گېزىتىنىڭ جاۋابكار مۇھەررىرى (6) تېلېفون: باش مۇھەررىر ئىشخانىسى 27885. ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈم ئىشخانىسى 25064




ئابلىكىم ئەمەت يازغان



تۇرسۇن رۆزىل يازغان






تۇرسۇن تۇرغۇن يازغان







خەلىل ئىبراھىم يازغان





# ياش ئۇسسۇل ئىجادىيەتچىسى - تىلمان

ئابدۇرېھىم سىدىق

ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ 1 - ئەترىتى 1985 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن كەسپىي سەنئەت ئۆمەكلەر كۆرىكىدە ئورۇنلىغان «قەھرىمانلار شەجەرىسى» ۋە «باتۇر كىشىلەر» ناملىق ئىككى ئۇسسۇل ئايرىم - ئايرىم ھالدا 1 - دەرىجىلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتى ۋە 2 - دەرىجىلىك ئورۇنلاش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

1986 - يىلى 2 - ئايدا ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن «ئاقسۇ باھارى» ناخشا-ئۇسسۇل كۆرىكىدە ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ 1 - ئەترىتى ئورۇنلىغان «ئازاب» ناملىق ئۇسسۇل 1 - دەرىجىلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا، «ئوۋچى» ناملىق ئۇسسۇل 2 - دەرىجىلىك ئورۇنلاش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. مەن يېقىندا مۇشۇ بىر قاتار ئۇسسۇللارنىڭ ئىجادچىسى، ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى 1 - ئەترىتىنىڭ ياش ئۇسسۇلچىسى تېلمان قادىرنى زىيارەت قىلدىم.

كىچىكىدىنلا ئۇيغۇر ئۇسسۇل-سەنئىتىگە چوڭقۇر ئىشتىياق باغلىغان تېلمان تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، 1977 - يىلى 12 - ئايدا ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىگە تاللانغان. كەسپىي سەنئەت مەكتەپلىرىدە ئوقۇمايلا بىۋاسىتە ئۆمەككە قوبۇل قىلىنغان بۇ ياش تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ئۆمەكتىكى پىشقەدەم ئۇسسۇلچىلارنى ئۇستاز تۇتۇپ، جاپالىق ئۆگىنىش ۋە مەشىق قىلىش ئارقىلىق ئۇسسۇل-سەنئىتى سېپىگە كىرىشكە باشلىغان. 1983 - يىلى 12 - ئايدىن 1984 - يىلى 11 - ئايغىچە تېلمان شاگخەي ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىدە بىر يىل باللېت ئۇسسۇلى ۋە ھەر مىللەت ئۇسسۇللىرىنى تىرىشىپ ئۆگىنىش بىلەن بىرگە يەنە شاگخەي سەنئەت ئۆمىكىدىكى ئۇسسۇل ئىجادىيەتچىلىرىنىڭ ئۇسسۇل ئىجاد قىلىش ماھارىتىنى ئىگىلىگەن. ئۇ شاگخەيدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بىر مەزگىل جاپالىق ئىزدىنىش، تۇرمۇش ئۆگىنىش ئارقىلىق ئوت يۈرەك شائىر ل. مۇتەللىپ قاتارلىق بىر قانچە ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتا گومىنداڭ تۈرمىسىدە ئۆتكەن ئازابلىق تۇرمۇشىنى ۋە خەلقىنىڭ ئەشۇ ئىنقىلابچىلارغا بولغان تەلپۈنۈش ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدىغان «قەھرىمانلار شەجەرىسى»، ئۇچتۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان «باتۇر كىشىلەر»، مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا ناھەق قارىلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغان كىشىلەرنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىك تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان «ئازاب» ۋە «ئوۋچى»، ياشلار ئۇسسۇلى «سەنئەت گۈلزارى»، «دوستلار ئوينايلى»، مىللىي ئۇسسۇل بىلەن ھازىرقى زامان باللېت ئۇسسۇللىرىنى ئۆز - ئارا ماسلاشتۇرۇپ ئىجاد قىلغان ئۇسسۇللار ئاممىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىپلا قالماي، ئاپتونوم رايون ۋە ئاقسۇ ۋىلايىتىدە ئۆتكۈزۈلگەن كۆرەكلەردە مۇكاپاتلانغان، تېلمان يەنە ئۆتكەن يىلى نەنجىڭدا ئېچىلغان مەملىكەتلىك ئۇسسۇل ئىجادىيىتى تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇشقا ئەۋەتىلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا تېلمان ئاپتونوم رايوندىن ئۆزىگە بېرىلگەن مۇكاپات پۇلىنىڭ يېرىمىنى ئۆمەكتىكى ئۇسسۇل ئارتىسلىرىغا تارقىتىپ بېرىپ ئۆمەكتە ياخشى تەسىرات قالدۇرغان. (6)



# تۇرمۇش لوگىكىسى

ن. ئىبراھىم

جەمئىيەتتە ھەممىلا ئادەم ئۆزلىرىنىڭ ئۆتكەنكى تۇرمۇشىدىن قىممەتلىك سەھىپىلەرنى ئىزلەپ گۈزەل كەلگۈسى ئۈچۈن شېرىن خىياللارنى قىلىدۇ...... ھەمدە دۇنيادىكى بارلىق ئىشلارنىڭ ئۆزىنىڭ شېرىن خىياللىرىدەك رېئاللىققا ئايلىنىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئەمما دۇنيادىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى كىشىنىڭ ئىرادىسى بويىچە بولۇۋەرمەيدۇ. بەزى ئىشلار كىشى ئويلىغان يەردىن چىقسا بەزى ئىشلار ئۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. چۈنكى تۇرمۇشنىڭ ئۆزى قانۇنىيەتلىك نەرسە، بۇ قانۇنىيەت ھېچقانداق كىشىنىڭ ئىرادىسىگە بېقىنمايدۇ. لېكىن بىر ئۈمىدۋار ۋە تىرىشچان كىشىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا كىشىلىك تۇرمۇشتىكى قانۇنىيەتلەر ئانچە قورقۇنچلۇق نەرسە ئەمەس. چۈنكى ئىنسانلار ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئۇنى ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرالايدۇ. تۇرمۇشنىڭ دىئالېكتىكىسى ئەزەلدىنلا كىشىلەردىن چوڭقۇر ۋە توغرا تەپەككۇر بىلەن ئۈمىدۋار ياشاشنى تەلەپ قىلىدۇ. تۇرمۇش ھەر ۋاقىت ـ تۈمەن مىڭ زىددىيەتلەر بىلەن تولغان بولۇپ، باشتىن-ئاخىر مۇۋەپپەقىيەت ۋە مەغلۇبىيەتنىڭ دىئالېكتىكىلىق مۇناسىۋىتى بىلەن داۋام قىلىپ تۇرىدۇ.

شۇنىڭغا ئىشىنىش كېرەككى مەقسەت پەقەت ھەرىكەت ئارقىلىقلا ئىشقا ئاشىدۇ. تۇرمۇشتا بولغان تونۇشتىكى ئەڭ مۇھىم نەرسە تۇرمۇشنى چۈشىنىش ۋە ئۇنى ئىجاد قىلىشتۇر. 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىغا قەدەم قويغان بۈگۈنكى كۈندە، تۇرمۇشنىڭ مەزمۇنى تېخىمۇ بېيىماقتا. ئىجتىمائىيلىقى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلمەكتە. كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش رېتىمىمۇ بۇنىڭغا ئەگىشىپ كۈنسېرى تېزلەشمەكتە. ھەر قانداق كىشى شۇنى چۈشىنىشى كېرەككى، شەخسىي تۇرمۇش پەقەتلا پۈتكۈل ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ. ئۇ پەقەت ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىلەن زىچ بىرلەشكەندىلا ئاندىن ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى شەرت - شارائىتلارغا ئىگە بولالايدۇ. يۈكسەك ئىشەنچ ۋە مول بىلىمگە ئىگە بولغاندىلا ئاندىن يۈكسىلەلەيدۇ.

ئەگەر ھەممىلا كىشى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى قىممەتلىك بىر تەبىئىي ئەسەر دەپ تونۇسا، ئۇنداقتا ئالدىمىزدىكى جىددىي ۋەزىپىمىز يالغۇز ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولۇشلا ئەمەس، بەلكى ئەڭ مۇھىمى بارلىق كۈچ- قۇدرىتىمىز بىلەن ئۇنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتۇر. دەل ئەنگېلسنىڭ مەلۇم بىر دراماتۇرگىنىڭ ئېيتقىنىدەك مۇبادا بىز بەختلىك تۇرمۇشنى قۇرالمايدىكەنمىز، خۇددى بايلىق يارىتالمىغان ئادەمنىڭ بايلىقتىن بەھرىمەن بولالمىغىنىدەك، بەختتىن بەھرىمەن بولغىدەك ھېچقانداق ھوقۇقىمىز بولمايدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، تۇرمۇش، ھەرگىزمۇ بىر نوتىسىز ناخشا ئەمەس، ئۇنىڭ بارلىق رېتىمى تىرىشىش، ئىزلىنىش ۋە خۇشاللىقنىڭ بىرلىكىدۇر، خالاس. (5)

بىلگىنىڭنى ئەلدىن يوشۇرما



# يېشىللىقتا پۈركەلگەن تاش قەلئە

يۇننەن ئۆلكىسىدە كەڭ كەتكەن بىر خادا تاشلىق بار ئىكەنلىكىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ، لېكىن بۇ جايدا گۈزەللىكتە بۇ خادا تاشلىقتىن قېلىشمايدىغان يەنە بىر تاش قەلئە بارلىقىنى بىلىدىغانلار بەك ئاز.

بۇ تاش قەلئە دېيەنچى كۆلىنىڭ ئايىغىدىكى خەيگۇ ئېغىزىغا جايلاشقان لىرېن خۇيزۇ يېزىسىغا تەۋە شىسەن تېغىدا بولۇپ، تاش قەلئەگە يىراقتىن قارىغاندا، ئۇ بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن تاشلىق تاغ بولۇپ كۆرۈنىدۇ. يېقىن بېرىپ قارىسىڭىز، ئاجايىپ-غارايىپ خادا تاشلار تاغ قاپتاللىرىدا ھەيۋەتلىك قەد كۆتۈرۈپ تۇرغانلىقىنى كۆرىسىز. سىز يۇقىرىلاپ ماڭغىنىڭىزدا يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە غايەت زور ئىككى تاش تۇر غانلىقىنى، ئۇلارنىڭ گويا قىيا ئوچۇق دەرۋازىغا ئوخشايدىغانلىقىنى كۆرىسىز. سىز مۇشۇ «دەرۋازا» دىن كىرسىڭىز، بىر تەكشىلىككە چىقىپ قالىسىز، ئۇنىڭ ئەتراپى قاتمۇقات قىيا تاشلار بىلەن ئورالغان بولۇپ، بۇ جايدىكى تاشلارنىڭ ھەممىسى تۇتۇق كۆلرەڭگە كىرگەن، بۇ تاشلارنىڭ تەركىبىدە كالتسىي كاربونات بولۇپ، يامغۇرنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك زەربىسى نەتىجىسىدە چوقچىيىپ تۇرغان غەلىتە تاشلارغا ئايلانغان. بۇ تاشلارنىڭ بەزىلىرى ئاسمان-پەلەك بىنالارغا ئوخشاش بولۇپ، بۇلۇتلارنى تېشىپ ئۆتسە، بەزىلىرى پاخال كەپىلەردەك پاكار بولۇپ، يەرگە پېتىپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ. يەنە بەزىلىرى تەنتەك باللارغا، بەزىلىرى پالۋانلارغا، بەزىلىرى بوۋاقنى قۇچاقلاپ تۇرغان ئانىلارغا، بەزىلىرى ئىتقا، تۆگىگە، يىلانغا ئوخشايدۇ. بۇلار بىر - بىرىدىن قىزىقارلىق بولۇپ، تاش قەلئەنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشىدۇ.

تاش قەلئەدە غەلىتە غارلار بولۇپ بەزى غارلارغا كىرىپ قايىلىقىلا ماڭسىڭىز تاشقا ئۇسسۇۋالىسىز. بەزىلىرىگە كىرىپ ئەمدى چىقىپ كېتەرمەنمەن دېسىڭىز كۆز ئالدىڭىزدا يەنە بىر غار يولى پەيدا بولىدۇ. تاش قەلئەنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا تاغ چوققىسىغا چىقىدىغان بىر غار بار، بۇ غار «ئاسمانغا تۇتاش غار» دېيىلىدۇ. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، سۈنۋۇكۇڭ خاسىيەتلىك توقماقنى بىلەن ئۇرۇپ، بۇ تۆشۈكنى ئېچىۋەتكەن ئىمىش، بۇ غاردىن چىقسىڭىز تاغ ئۈستىگە يەنى تاش قەلئەنىڭ شەرقىي «سېپىلى» ئۈستىگە چىقىپ قالىسىز. سېپىل ئۈستىدە ئالتە تەرەپلىك بىر راۋاق بار. راۋاقنىڭ تۆت تەرىپىگە بېكىتىلگەن يۇمۇلاق ئەينەكلەر قۇياش نۇرىدا چاقناپ، كىشىنى دىلغۇللۇققا سېلىپ، پەرىزاتلار ماكانىغا بېرىپ قالغاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرىدۇ. راۋاقنىڭ لەمپىگە ئېسىلغان قوڭغۇراق مەيىن شامالدا لىڭشىپ جىرىڭلاپ خۇشال ناخشىغا چۈشۈپ مېھمانلارنىڭ راۋاققا چىققىنىنى قارشى ئالىدۇ. تاش قەلئەدە يەنە ئىككى تاش ئارىسىدىن مەرۋايىتتەك سۈزۈك سۇلار ئېقىپ چۈشۈپ، قەلئەگە ياپېشىل ھۆسن قوشقان كۆرۈنۈشلەرمۇ بار. تاش قەلئە ئەتراپىدىكى تاقىر باش تاغلار ھازىر بۈك - باراقسان ئورمانغا پۈركەلدى. باھار پەيتىدە، بۇ تاش قەلئەدە، ياۋا گۈللەر ئېچىلىپ شاپتۇل، نەشپۈت، ئالمىلار چېچەكلەپ، ھەممە جايى گۈلگۈلىستانغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. (4)

(ئىسمايىل رەتلىگەن)



## ئىتتىپاق ئەزالىرىمىز

قۇمۇل ناھىيىلىك باغ ئىدارىسى پارتىيە ياچېيكىسى ئۆز ئىدارىسىدىكى ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ياشلارنىڭ بىلىم ئاشۇرۇشىغا ھەقىقىي كۆڭۈل بۆلۈپ، بەش نەپەر ئىتتىپاق ئەزاسىنى ئالىي- ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكومغا بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتكەننىڭ سىرتىدا يەنە بەش نەپىرىنى خەت ئارقىلىق ئوقۇش مەكتەپلىرىگە ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتتا ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى. 15 نەپەر ئىتتىپاق ئەزاسىنى باغ كەسپىي جەھەتتە مەخسۇس ئون كۈن تەربىيىلىدى. بۇ يىل 1- ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ 5- ئاينىڭ باشلىرىغىچە بىر قىسىم ئىتتىپاق ئەزاسىنى قاتناشتۇرۇپ ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتتا مەدەنىيەت دەرسىنى تولۇقلاشنى پىلانلىغان ئىدى. ئۇلار ئۆگىنىش كۇرسىغا تۆت نەپەر ئوقۇتقۇچىنى تەكلىپ قىلىپ دەرس باشلىغاندا، ناھىيە بازىرىدىكى ياش ئىشچى- خىزمەتچىلەر ئارىسىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى. (4)

(ئەركىن سەمەت)

## [illegible] ياشلىرىمىز

قىزىلسۇ ئوبلاستلىق ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپىدىكى ئۇيغۇر، قىرغىز، خەنزۇدىن ئىبارەت ئۈچ مىللەت ياشلىرىدىن 70 نەپەر ئىتتىپاق ئەزاسى ئۆز ئارا دوستلۇق ئورنىتىپ، ئۆز ئارا خاتىرە بۇيۇملىرى تەقدىم قىلىشتى. ئۇلار بىرلىكتە 30 يۈەن قىممىتىدىكى نەرسە- كېرەك سېتىۋېلىپ دوختۇردا ياتقان 15 نەپەر بىمارنى يوقلىدى. 80 گە يېقىن ۋېلسىپىتنى تازىلاپ ۋە رېمونت قىلىپ چىقتى. خەنزۇ قىز لى شيىڭ باشلىق ئۈچ نەپەر ئىتتىپاق ئەزاسى بىر قىسىم مىللىي ئوغۇل ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئائىلىسى يىراق بولغاچقا، كىر يۇيۇش ۋە ياماق ياماش جەھەتلەردە قىيىنىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ 15 كە يېقىن ئوقۇغۇچىنىڭ شىم- چاپىنىنى ئۆز ئۆيلىرىگە ئاپىرىپ يۇيۇپ، ياماپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ خاتىرجەم ئوقۇشىغا ياردەم بەردى. (4)

(ئەكبەر ھەبىبۇللا)

## ئۇلار ئاپەتكە ئۇچرىغاندا

ئۈچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ ئوتېبېشى يېزا ئالاساي كەنت 3- مەھەللىسىگە 1986- يىل 19- ماي كۈنى كەچ سائەت ئالتە ئەتراپىدا تۇيۇقسىز قىيان كېلىپ، بۇ جايدىكى 12 ئائىلىنىڭ ئۆيى ۋە يېڭى تېرىلغان 115 مو زىرائەتلەرنى بىر يولىلا ھالاك قىلىۋەتتى. بۇ چاغدا، قۇربان ئەمەت، ئابلەت مۇسا قاتارلىق ئىتتىپاق ئەزالىرى ئۆز ئائىلىسىنى ئۇنتۇغان ھالدا جىددىي قۇتقۇزۇشقا كىرىشىپ 20 تۇياق كالا، سەككىز تۇياق ئېشەك، 15 تۇياق قوي- ئۆچكە ۋە ئادەملەرنى خەۋپتىن ساقلاپ قالدى. ھەم ئاممىغا ئۈلگە بولۇپ بىر سوتكا جەڭ قىلىش نەتىجىسىدە، ئۆستەڭلەردىكى چۈشۈرگە، تاقاق، كۆۋرۈكلەرنى بۇزۇش، ئىككى يانىنى قاشلاش ئارقىلىق بەڭباش سۇنى تىزگىنلەپ زىيان چوڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى. ئۇلارنىڭ بۇ خىل روھىدىن تەسىرلەنگەن كەڭ ئامما ئۇلارنى «بۇ ئەزىمەتلەر ئىتتىپاق ئەزالىق بۇرچىنى ئادا قىلدى» دەپ ماختىشىدۇ. (4)

(سەمەت سالى)



# روھىي جەھەتتىن زەربىگە ئۇچرىغاندا

ئەگەر سىز بىراۋغا مۇشت ئاتسىڭىز ئۇ دەرھال ئۆزىنى قاچۇرۇشى ياكى قولى بىلەن توسۇشى مۇمكىن... لېكىن كىشىلەر روھىي جەھەتتە زەربىگە ئۇچرىسىچۇ؟ روھىي جەھەتتىكى زەربە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، سۆيگىنى بىلەن ئادا – جۇدا بولۇپ كېتىش، خىزمەت داۋامىدىكى چوڭ ئوڭۇشسىزلىق، كۈتۈلمىگەن ئاپەت، تۈرلۈك ناھەقچىلىق، ئائىلە تۇرمۇشىدىكى جېدەل-ماجىرا قاتارلىقلار. بۇ خىل ھادىسىلەرگە يولۇققاندا، بەزى كىشىلەر بوشاشماستىن مېڭىشقا تېگىشلىك يولدا داۋاملىق مېڭىۋېرىدۇ. بەزى كىشىلەر ئىككىلىنىدۇ، ئۈمىدسىزلىنىدۇ. روھىي جەھەتتىكى زەربىگە بولغان پوزىتسىيىنىڭ بۇ خىل ئوخشاشماسلىقى زەربىنىڭ ئېغىر - يەڭگىللىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماستىن، روھىي ھالەت جەھەتتە ئۆز - ئۆزىنى قوغداشقا ماھىر بولۇش-بولماسلىق بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. روھىي ھالەت جەھەتتە ماھىرلىق بىلەن ئۆز- ئۆزىنى قوغدىغان ئادەم ئۆزىنى ئۈمىدۋار، خەتەرگە يولۇققاندىمۇ ھودۇقمايدىغان، ئۆزى مېڭىشقا تېگىشلىك يولدا باشتىن - ئاخىر قەتئىيلىك بىلەن ماڭىدىغان قىلىپ يېتىلدۈرەلەيدۇ.

روھىي ھالەت جەھەتتە ئۆز-ئۆزىنى قوغداشقا ماھىر بولۇش ھەر بىر ئادەمنىڭ مىجەز - خۇلقى ۋە خاراكتېرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، جەمئىيەتكە ئەمدىلا قەدەم قويغان بىر ياش ناۋادا سۆيگىنىدىن ئايرىلىپ قالسا ئازابقا چىدىيالماي ھاياتىدىن ئۈمىد ئۈزۈشى مۇمكىن. مەلۇم ئىجتىمائىي تەجرىبىسى بار كىشىلەرگە نىسبەتەن بۇ تۇرمۇشتىكى كىچىككىنە بىر ئۆزگىرىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھەممە ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق بولغان، ئۆزىنى قالتىس ھېسابلايدىغان كىشىلەر، ھامان تۇرمۇشنىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. لېكىن بېشىدىن ئىسسىق-سوغۇق ئۆتكەن كىشىلەر دائىم كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، چۈنكى ئۇ كۆپ چېنىققان، ھاياتنىڭ ئەگرى - توقاي يوللىرىنى بېسىپ ئۆتۈش داۋامىدا تۇرمۇش ئۇنىڭ روھىي ھالەت جەھەتتىكى بۇ خىل ئۆز-ئۆزىنى قوغداش خىسلىتىنى يېتىلدۈرگەن.

روھىي ھالەت جەھەتتە ئۆز - ئۆزىنى قوغداش بولسا، كىشىلەردىن ئۆزلۈكسىز تۈردە ئۆزىنى تۇتۇش قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى بۇ خىل قابىلىيەت سىزنى بولمىغۇر مىجەزىڭىزنىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن ئەس-ھوشىڭىزنى يوقىتىپ، يار لېۋىگە بارغىنىڭىزدا ئاگاھلاندۇرىدۇ ۋە ئەكسىڭىزگە قايتۇرۇپ كېلىدۇ.

روھىي ھالەت جەھەتتە ئۆز - ئۆزىنى قوغداش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشتە، پەقەت ئۆز تىرىش - چانلىقىغا تايىنىپلا قالماستىن دوستلار ۋە يول - داشلارنىڭ ياردىمىگىمۇ تايىنىش لازىم، مىجەز ئۆزگىرىش، غەزەپلىنىش، ئۆز مەيدانىدىن تەۋرىنىش ھادىسىلىرىدىن خالى بولۇش قىيىن، ئەگەر بۇ روھىي خاپىچىلىقنى يېقىن دوستلىرىڭىزغا بايان قىلسىڭىز ئۆزىڭىزنى خېلىلا يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلىسىز؛ ئەگەر قارشى تەرەپنىڭ ياخشى كۆڭلى ۋە ئىلھام بېرىشىگە ئېرىشسىڭىز ئۇنداقتا ئۇ تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. بىر كىشىنىڭ ئۆز يېقىنلىرىنىڭ يېنىغا بېرىپ مەدەت ۋە تەسەللى ئىزدىشى روھىي ھالەت جەھەتتە ئۆز- ئۆزىنى قوغداشنىڭ بىر ياخشى ئۇسۇلى. (5)





# ئېلېكترونلۇق قول سائىتى ئىشلەتكەندە

ئېلېكترونلۇق قول سائىتى ھەجىمىنىڭ كىچىكلىكى، ئەپچىللىكى، باھاسىنىڭ ئەرزانلىقى، مېڭىشتىكى دەللىكى بىلەن بارغانسېرى كۆپلىگەن ياشلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلماقتا. تۆۋەندە بىز ئېلېكترونلۇق قول سائىتىنى ئىشلىتىش ۋە ئاسراش ھەققىدە پاراڭ قىلىمىز.

ئۈچتىن مۇداپىئەلىنىش: 1) سۇدىن مۇداپىئەلىنىش. ئېلېكترونلۇق قول سائىتىنىڭ ئوخشىمايدىغان دەرىجىدە سۇ ئۆتكۈزمەيدىغان ئىقتىدارى بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا سائەتنى ئۇزۇن مۇددەت نەم يەردە قويماسلىق، سۇغا چۈشۈرۈۋەتمەسلىك لازىم. سۇ تامچىلىرى سائەت ئىچىگە كىرىپ كەتسە ۋاقىت ئۇزارغانسېرى توك يوللىرىنى بۇزۇۋېتىدۇ. قىسقا يوللار تۇتىشىپ قالىدۇ. 2) ماگنىتتىن مۇداپىئەلىنىش. ئېلېكترونلۇق قول سائىتىنىڭ ئايلاندۇرۇش ئەسۋابلىرى ئادەتتە چىدامىلىق ماگنىتلىق پولاتتىن ياسالغان، شۇڭا ماگنىت مەيدانىنىڭ تەسىرى كۈچلۈك بولسا، ئايلىنىش رېتىمىنى بۇزۇۋېتىدۇ. ۋاقىت دەللىكىنى بۇزۇۋېتىدۇ. شۇڭا ئېلېكتر بىلەن ھەل بېرىش سېخىنىڭ ئىشچىلىرى ياكى رادىئو قۇراشتۇرۇش، رېمونت قىلىش ۋە ماگنىت بىلەن مۇناسىۋەتلىك خىزمەتچى-خادىملار خىزمەت ۋاقتىدا ئېلېكترونلۇق سائەت تاقىمىغىنى ياخشى؛ 3) سىلكىنىشتىن مۇداپىئەلىنىش. ئېلېكترونلۇق قول سائىتىنىڭ مەلۇم سىلكىنىشتىن مۇداپىئەلىنىش ئىقتىدارى بار، لېكىن ئەمەلىي سىلكىنىشتىن مۇداپىئەلىنىش ئىقتىدارى كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس، شۇڭا ئۇنىڭ قاتتىق سىلكىنىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش لازىم. 4) تېمپېراتۇرىغا ماسلىشىشى: ئېلېكترونلۇق قول سائىتىنىڭ تېمپېراتۇرىغا ماسلىشىشى مېخانىك قول سائىتىگە يەتمەيدۇ. تېمپېراتۇرىنىڭ ئۆزگىرىشىنىڭ دەللىككە قارشى تەسىرى مېخانىك سائەتكە سېلىشتۇرغاندا چوڭ بولىدۇ. تېمپېراتۇرا سىلىتسىيە 60 گرادۇستىن يۇقىرى ياكى نۆل گرادۇستىن تۆۋەن بولغان ۋاقىتتا كۆۋارتسلىق سائەتنى زىيانغا ئۇچرىتىشى مۇمكىن. قىش كۈنى ھاۋاسى سوغۇق ئۆيگە قويماسلىق، ئوچاق، پارۋاي يېنىدىمۇ قويماسلىق كېرەك. ئەڭ ياخشىسى دائىم تاقىۋېلىش كېرەك؛ 5) ئېلېكترونلۇق مەنبەسى: ئېلېكترونلۇق قول سائەتكە ئىشلىتىدىغان ئېلېكتر مەنبەسىگە سىماب، لىتى، كۈمۈش ئوكسىدى، كۈمۈش باتارېيىسىنى ئىشلىتىدۇ. ئادەتتىكى ئېلېكترونلۇق قول سائىتىگە باتارېيىنىڭ ئۆمرىنى ئالدىن مەلۇمات بېرىدىغان سايمان ئورنىتىلغان. ئىقتىدارى تۆۋەنلەپ، مېڭىش دەللىكى توغرا بولمىسا باتارېيىنى ئالماشتۇرۇش كېرەك. كونىراپ ۋاقتى ئۆزىراپ كەتسە ئېلېكتر يوللىرىنى چىرىتىدۇ. ئۆزىمىز ئالماشتۇرغان ۋاقىتتا مېتال سايمان ئىشلەتمەسلىك، يېڭى باتارېيە يولىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىدىن ساقلىنىش لازىم. ئالماشتۇرغاندا قول بىلەن ئۇچراشتۇرماي، پاكىز پەلەي كىيىۋېلىش كېرەك. چۈنكى قولدا دائىم تەر ياكى باشقا قالايمىقان نەرسىلەر بولۇپ، باتارېيىگە چاپلىشىپ ۋاقىت ئۇزارغانسېرى باتارېيىنى چىرىتىۋېتىدۇ. (9)

تۇرمۇشىڭىز ئۈچۈن مەسلىھەت



# ھېيداشلىق قىلىشمۇ دوستلۇقنىڭ ئىپادىسى

غوپۇر قۇربان

كىشىلىك تۇرمۇشتا ھەممىلا ئىش كۆڭۈلدىكىدەك بولۇپ كەتمەيدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا بەختسىزلىككە ياكى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغۇچى دەل سىزنىڭ دوستۇڭ بولۇپ چىقىدۇ. ئۇلار ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمىگەندە ياكى مۇھەببەت ئىشلىرىدا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا ياكى بولمىسا ئۇرۇق - تۇغقىنى ۋاپات بولۇپ كېتىپ قايغۇرغاندا، شۇنداقلا تەنقىدكە ئۇچرىغاندا، جازالانغاندا دوستلۇق ئۇلارنىڭ غەيرەتكە كېلىشىگە ئىلھام بېرىدۇ. ھېيداشلىق قىلىش ئۇلارنىڭ قەلبىگە مەلھەم دورىدەك شىپا بولالايدۇ.

ھېيداشلىق دوستلۇقنىڭ ئىپادىلىنىشى، ئەمما نېمىگە ھېيداشلىق قىلىشقا ۋە قانداق ھېيداشلىق قىلىشقا دىققەت قىلىش كېرەك. ئەگەر كەلسە - كەلمەس ھېيداشلىق قىلساق ئەكسىچە رول ئوينايدۇ. ئەگەر ئۆزەڭ ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈپ كېتىپ، ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمىگەن ساۋاقدىشىڭغا ھېيداشلىق قىلغاندا، ئۆزەڭنى ئازادە، تېتىك تۇتساڭ قارشى تەرەپنى بىزار قىلىپ قويۇشۇڭ مۇمكىن. ھەتتا قارشى تەرەپتە ھېيداشلىق قىلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنى كۆرسىتىۋاتىدۇ دېگەن تۇيغۇنى پەيدا قىلىپ قويۇشۇڭ تۇرغان گەپ.

ھېيداشلىق قىلىشتا پاكىتنى چوڭايتىۋەتمەسلىك كېرەك. ئادەتتە، بالا يىقىلىپ كەتسە، دەسلەپتە يىغلىمايدۇ. ئەمما چوڭلار ھودۇقۇپ كېتىپ، ئۇنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىنى سىلاپ قويسا، بالا ئاندىن يىغلاپ كېتىدۇ. چۈنكى بالا يىقىلىپ كەتكەندە ھېچيېرى ئاغرىمىغان، پەقەت چوڭلار تەسەللى بەرگەندىن كېيىنلا ئۆزىنىڭ بىرەر يېرىنىڭ «ئاغرىشقا تېگىشلىك ئىكەنلىكى»نى ھېس قىلىپ، ئۇنىڭدا ئازار يېگەن كەيپىيات پەيدا بولىدۇ. ئوخشاشلا ئوقۇتقۇچى ياكى رەھبەرنىڭ بىر نەچچە ئېغىز تەنقىدىگە ئۇچراش ئادەتتە ئانچە چوڭ ئىش ئەمەس. ئەمما بىر نەچچە دوست بىرلىشىپ، بۇ توغرىلىق ئۇنى، بۇنى دېيىشكەندىن كېيىن، مەسىلە سەل ئېغىرراق بىلىنىدۇ. مەسىلەن: بىرى «ئۇلار ئەھۋالنى بىلمەيدۇ» دېسە؛ بىرى «ئۇلارنىڭ ساڭا ئاداۋىتى بار ئىكەن» دەيدۇ. يەنە بىرى «بۇ قىساس ئالغىنى» دېسە؛ يەنە بىرى «بەلكىم ئارخىپقا كىرگۈزىدۇ» دەيدۇ...... نەتىجىدە بۇ سۆزلەر ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچى، يولدىشى ۋە تۇغقانلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى بۇزۇپلا قالماي، بەلكى تەبىئىي ھالدا يىراقلىشىشنى كەلتۈرۈپ، تەنقىدلەنگۈچى ئازار يېگەنلىكىنى بارغانسېرى ھېس قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدا قورقۇش ياكى قارىمۇ - قارشى كەيپىيات پەيدا بولۇپ، زىددىيەت كەسكىنلىشىدۇ. ياكى بولمىسا ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇش تۇيغۇسى پەيدا بولۇپ، روھىي ھالىتىنىڭ يۈكى ئېغىرلىشىپ، ھەتتا شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى يوقىتىپ قويىدۇ. تۇساتتىن بەختسىزلىككە ئۇچراپ زەربە يېگەن كىشىلەرگە نىسبەتەن، ئۇلارنىڭ قايغۇسىغا، كۆڭۈل ئازابىغا ئورتاقلىشىشقا تىرىشىپ، روھىي جەھەتتىن غەيرەتكە كېلىشكە ياردەم بېرىش ئاساسىدا ھېيداشلىق قىلىش سەمىمىي دوستلارنىڭ مۇقەددەس بۇرچى. (9)

## كۆڭۈل كۆڭۈلدىن سۇ ئىچىدۇ




جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشى، پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، تۇرمۇشنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئىنسانىيەتتىكى نۇرغۇن خاس كېسەللىكلەر تۈپتىن تۈگىتىلگەن بولسىمۇ لېكىن شەيئىلەر ئىككى تەرەپلىمىلىك بولغاندەك، ماددىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ساناەتلىشىشى، ئىنسانىيەت پائالىيىتىنىڭ شەھەرلىشىشى ۋە قاتناشنىڭ زامانىۋىلىشىشىغا ئەگىشىپ، تارىختا ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان بەزى يېڭى كېسەللەر پەيدا بولدى. كىشىلەر بۇنى يىغىنچاقلاپ، «ھازىرقى زامان كېسەللىكى» دەپ ئاتاشماقتا.

مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان «ئورتاق زىيانداش كېسەللىكى» زامانىمىزدىكى كېسەللىكلەر ئىچىدە زىيانكەشلىكى ئەڭ چوڭ، ئەڭ ئومۇمىيۈزلۈك بولغان كېسەل تۈرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بولۇپمۇ ئاتموسفېرانىڭ بۇلغىنىشى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ جېنىنى ئالماقتا. ئەڭ تىپىك بولغان كېسەل مىساللىرىدىن ئالساق، ئەنگلىيىنىڭ لوندوندىكى ئىس - تۈتەك ۋەقەسىدە 4000 دىن ئارتۇق ئادەم ھاياتىدىن ئايرىلغان. قالايمىقان ئاۋاز بىلەن بۇلغىنىشنى شەھەر ئاھالىلىرى «شەپىسىز يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش ئەترىتى» دەپ ئاتىماقتا. ئۇ پات - پاتلا كىشىلەرنىڭ قۇلىقى ۋىڭىلداش، ئۇيقۇسىزلىق، نېرۋا ئاجىزلاش، قان بېسىمى ئۆرلەپ كېتىش، ھەزىم قىلىش سىستېمىلىرىنىڭ رولىنى قالايمىقانلاشتۇرۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئىنسانىيەتنىڭ سالامەتلىكىگە ئېغىر تەسىر يەتكۈزمەكتە. يادرو سانائىتى، يادرو مەھسۇلاتلىرى پەيدا قىلىدىغان رادىئوئاكتىپلىق ماددىلار كىشىلەرنى قان ئازلىق، قان پىلاستىنكىلىرى ئازىيىپ كېتىش، قوزغىتىلغان قان راكى قاتارلىق كېسەللەرگە گىرىپتار قىلماقتا.

يېڭى تېخنىكىنىڭ قوللىنىلىشى، نۇرغۇن كەسپىي كېسەللىكلەرنى ئېلىپ كەلمەكتە. مەسىلەن يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدا، ئىشچىلارنىڭ قول ۋە يۈزلىرى فىتور ئوكسىگېنىنىڭ چىرىتىشى ۋە كۆيدۈرۈشىگە ئۇچراپ، «يېرىم ئۆتكۈزگۈچ كەسپىي كېسەل»لىكىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. دېھقانچىلىق دورىلىرى زاۋۇتىدىكى ئىشچىلار ئۇزۇن مۇددەت دېھقانچىلىق دورىسى مۇھىتىدا ئىشلىگەنلىكتىن، ئۇلاردا پات - پاتلا دېھقانچىلىق دورىسى بىلەن زەھەرلىنىپ قېلىش كېسىلى پەيدا بولغان، خىمىيە سانائىتىدە ئاز بولمىغان كىشىلەر «زىيادە سېزىمچانلىق كېسىلى»نى يۇقتۇرۇۋالغان.

قاتناشنى زامانىۋىلاشتۇرۇش، ھەربىي ئىشلارنى زامانىۋىلاشتۇرۇشمۇ كۆپ ھاللاردا «ماشىنا ۋەقەسى كېسەللىكى»، «ھەربىي ئىشلار كېسەللىكى»نى پەيدا قىلغان.

بۇ ھازىرقى زامان كېسەللىكى ئۇنچىۋالا قورقۇنچلۇق ئەمەس، ئۇ جەمئىيەتنىڭ زامانىۋىلىشىشىغا ئەگىشىپ پەيدا بولغان ئىكەن، ئىنسانىيەت ئەقىل - پاراسىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ يوقىلىدۇ. پۈتۈن ئىنسانىيەت ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسەتسىلا، ھازىرقى زامان كېسەللىكىمۇ تارىختىكى نۇرغۇن خاس كېسەللىكلەرگە ئوخشاش تېببىي ئىلىمنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىغا كىرگۈزۈلىدۇ. (6)

(ئەنۋەر توختى رەتلىگەن)



### «ئۈچۈر ئىنكاسى»

مەلۇم بىر ماگىزىننىڭ دىرېكتورى بىر بۆلۈك ماللارنى سېتىۋېلىش مەقسىتىدە، ئالاھىدە بىر جوزىلىق زىياپەت تەييارلاپ مەلۇم زاۋۇتنىڭ باشلىقىنى مېھمانغا چاقىرىپتۇ. بىر ئازدىن كېيىن دىرېكتور زاۋۇت باشلىقىدىن سوراپتۇ:

— شۇنچە جىق مالنى سېتىۋالالارسىزمۇ؟

— جوزا ئۈستىدىكى ئۈچۈرنىڭ ئىنكاسىغا قارىلىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ زاۋۇت باشلىقى.

### «تېلىسكوپ»

بىر ئوقۇغۇچى مۇئەللىمدىن سوراپتۇ:

— مۇئەللىم تەجرىبىخانىدىكى سىز ئىشلىتىدىغان تېلىسكوپتا ئاسماندىكى بارلىق نەرسىلەرنى كۆرگىلى بولامدۇ؟

— بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ مۇئەللىم.

— بۈگۈن ئەتىگەن ئۆيدىكى بىر كەپتەر ئۇچۇپ كەتتى. ۋاقتىڭىزنى چىقىرىپ ئىزدىشىپ بەرگەن بولسىڭىز؟ ...

### «ھەيران قالغۇدەك نېمىسى بار»

— كىچىك ئوكاڭ نېمىشقا كۈن بويى توختىماي يىغلايدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ بىر كىچىك دوست يەنە بىر كىچىك دوستىدىن.

— بۇنىڭ ھەيران قالغۇدەك نېمىسى بار؟ ئەگەر سېنىڭمۇ چىشىڭ، چېچىڭ بولمىسا، ماڭالمىساڭ، تەرەت قىلىشىڭغىمۇ باشقىلار ياردەملەشسە، سەنمۇ كۈن بويى توختىماي يىغلايسەن — دە.

### «پۇل قەرز ئالماقچىدىم»

— ھەيرانمەن، نىجادنىڭ پۇلى نەگە كەتكەندۇ، تۈنۈگۈنمۇ پۇل يوق دەۋاتاتتى. بۈگۈنمۇ يەنە پۇل يوق دەۋاتىدۇ.

— ھە! سەن ئۇنىڭغا پۇل قەرز بەرمەكچىكەنسەن ـ دە!

— ياق، مەن ئۇنىڭدىن پۇل قەرز ئالماقچى ئىدىم.

### مەس ۋە ئۇنىڭ ئۆيى

بىرىم كېچىدە بىر مەس كىشى كېلىپ ياتاق بىناسىنىڭ ئىشىكىگە قارىغۇچىدىن سوراپتۇ:

— شۆھرەتنىڭ ئۆيى نەدە؟

— سىز ئۆزىڭىز شۆھرەتقۇ، — دەپتۇ دەرۋازىۋەن.

— بىلىمەن، مەن ئۇنىڭ ئۆيىنى سوراۋاتىمەن.

### ئىككى قىز

پود: مەن ھازىر بىرلا ۋاقىتتا ئىككى قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم. بىرسى بەكمۇ چىرايلىق ھەم سۆيۈملۈك، لېكىن نامرات. بىرسى ئىنتايىن باي لېكىن سەت، مېنىڭچە قايسىسىنى تاللىسام مۇۋاپىق بولار؟

بىران: ئەلۋەتتە چىرايلىقىنى تاللىشىڭىز كېرەك. پۇل دېگەن مۇھىم نەرسە ئەمەس.

پود: ناھايىتى ياخشى بولدى. مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان ئىدىم، دەرھال بېرىپ ھېلىقى چىرايلىق قىز بىلەن توي قىلاي.

بىران: ئالدىرىماسىڭچۇ، پود، ماڭا ھېلىقى سەت قىزنىڭ نەدە تۇرىدىغانلىقىنى دەپ بەرسەڭچۇ؟ (8)

(مەتسابىر روزى)

## كېيىن باراي

ئا: سىز، بىزنىڭ زاۋۇتقا بېرىپ ئىشلەمسىز؟

ب: ئىش ھەققىگە قانچە بېرىسىلەر؟

ئا: دەسلەپتە 70 تەڭگە، كېيىن 100 تەڭگە.

ب: ئۇنداق بولسا كېيىن بېرىپ ئىشلەي.

## رەسىمنىڭ باھاسى

ئا: بۇ بىر پارچە رەختتە سىزىلغان رەسىمنى قانچىگە ساتىسىز؟

ب: 250 دوللارغا ساتىمەن.

ئا: 100 دوللارغا بەرسىڭىز مەن ئېلىپ قوياي.

ب: بۇ نېمە دېگىنىڭىز، مەن رەسىمنى سىزىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ رەختىنى ئېلىشقا 250 دوللار سەرپ قىلغان تۇرسام.

ئا: چۈنكى سىزنىڭ سېتىۋالغىنىڭىز يېڭى رەختنىڭ ئۆزىدە.

(رىشىت راخمان تەرجىمىسى)

## «چىۋىن قونۇپ قاپتۇ»

بىر ئايال بازاردىن يېڭى گۆش ئېلىپ تاماق ئەتمەكچى بولۇپتۇ. بالىسى تالادىن كىرىپ گۆشكە بىر قانچە چىۋىن قونۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ گۆشنى تاشلىۋېتىپتۇ.

ئانىسى: گۆش قېنى؟

بالىسى: سەن چىۋىن قونغان نەرسىلەرنى يېمەسلىك كېرەك دېگەن ئىدىڭغۇ؟ ئۇنىڭغا چىۋىن قونغان ئىكەن تاشلىۋەتتىم.

(ھاۋاخان ئىسمايىل)

## قۇرتلارنى ئالداش ئۈچۈن

ئايال خېرىدار: تۈنۈگۈن ماگىزىنىڭلاردىن بىر دانە يۇڭ ئەدىيال سېتىۋالغان ئىدىم، ئۆيگە بېرىپ چاپلانغان ماركىسىغا قارىسام 100 پىرسەن پاختا، دەپ ماركا چاپلىنىپتۇ، بۇ قانداق بولغىنى؟

مال ساتقۇچى: رەنجىمەڭ خانىم، ماركىنىڭ ئۇنداق چاپلىنىشى يۇڭ ئەدىيالنى يەيدىغان قۇرتلارنى ئالداش ئۈچۈن.

## باشقىلارنى ئويلاش

ئا: سەن پەقەت پۇلنىلا ئويلايدىكەنسەن.

ب: ياق، مەنمۇ باشقىلارنى ئويلايمەن.

ئا: كىمنى ئويلايسەن؟

ب: ئەلۋەتتە پۇلى بار ئادەمنى ـ دە!

## پىرىكازچىك ۋە خېرىدار

بىر خانىم سەل گۇمانلانغان ھالدا سورىدى:

— بۇ رويال كونا دېگەندەك قىلمۇدىكىمزغۇ؟ پىرىكازچىك جاۋاب بەردى:

— كونا ئەمەس، توغرا، رويالنىڭ قۇلىقى ساغىرىپ قاپتۇ. چۈنكى بۇ رويالنىڭ قۇلىقى پىل چىشىدىن ياسالغان، بەلكىم ئۇ تاماكا چېكىدىغان پىل بولسا كېرەك.

## ئەر خوتۇن ئىككىسى

ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى بىر دەرەخ تۈۋىدە ئارام ئېلىپ ئولتۇرۇپتۇ.

— ۋاي خۇدايىمەي، — دەپ ۋارقىراپ تاشلاپتۇ ئايالى توساتتىن، — توك دەزمىلىنى توك يولىدىن ئاجرىتىۋېتىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، ئۆيگە ئوت كەتمەسمۇ؟

— ئەنسىرىمە خوتۇن، — دەپتۇ ئېرى، — مەن ئۆيدىكى مونچىنىڭ سۈيىنى توختىتىۋېتىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، ئۆيگە ھەرگىز ئوت كەتمەيدۇ. (8)



# يېڭى ئەھۋال ئىنكاس قىلىش ماتېرىيالى يازغاندا

ئەھۋال ئىنكاس قىلىش ــ خىزمەتنى دوكلات قىلىش بىلەن بىرگە مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ئىنكاس قىلىپ رەھبەرلىكنىڭ ئەھۋالنى ئىگىلىشىگە ياردەم بېرىدىغان بىر خىل چارىدۇر. ئىتتىپاق كادىرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى بۇ خىل چارىنى قوللىنىدۇ. ئۇنداقتا ئىنكاس ماتېرىيالىنى قانداق يېزىش كېرەك؟

1. ئاساسىي مەسىلىنى تۇتۇش. ئەھۋال ئىنكاس قىلىشتا ئاساسلىقى ئۆز ئورنى، ئۆز رايونىنىڭ خىزمەت ئەھۋالى ۋە مەسىلىلىرىنى ئىنكاس قىلىش، ئاڭلىغانلىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىنكاس قىلماسلىق، يازغاندا ئىنكاس قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئاساسىي مەسىلىلەرنى يېزىش لازىم. ئاڭلىغان ـ كۆرگەنىنىڭ ھەممىسىنى قارا ـ قويۇق يېزىشقا بولمايدۇ. كىشىلەردە ئومۇمىي تەسىر پەيدا قىلىش ئۈچۈن بەزىدە ئەھۋالنى بىرقۇر بايان قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا بۇ چارە مۇشۇ خىلدىكى خىزمەت بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان يولداشلاردىن ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈشنى، كۆپرەك تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى، ئەستايىدىل پىكىر قىلىشنى، ئالدىن كۆرەرلىكنى تەلەپ قىلىدۇ.

2. شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى تۇتۇۋېلىش. ئەھۋال ئىنكاس قىلىش ــ ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتنى ئىنكاس قىلىشتىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن شەيئىلەرنى چوڭقۇر كۆزىتىپ ماھىيەتنى تۇتۇۋېلىش كېرەك. پەقەت، سۈپەت تەھلىلى بىلەن سان تەھلىلىنى بىرلەشتۈرگەندىلا ئاندىن ھادىسىنىڭ ئىچكى ماھىيىتىنى ۋە بۇ ھادىسىلەرنىڭ ئىچكى باغلىنىشلىرىنى ھەقىقىي تۈردە تۇتۇۋالغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە شەيئىنىڭ بىر تەرەپلىمىلىكىنى ئومۇملاشتۇرماي، ھەر تەرەپنىڭ پىكرىگە كۆڭۈل قويۇپ، ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى ئەينەن شەرھلەپ، ئەمەلىيەتكە ئاساسلىنىپ سۆزلەش شەرت. سۇبيېكتىپچىلىقتىن، بىر تەرەپلىمىلىكتىن، بولۇپمۇ «نەق قىلىكە مۇۋاپىق تەسەۋۋۇر» قىلىشتىن ساقلىنىش كېرەك. مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىكلەرنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن بىر مەسىلە ئۈستىدە بىر قانچە ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەر بولغان بولسىمۇ يازغۇچى ئۇنى ئەينەن ئىنكاس قىلىشى لازىم.

3. نەتىجىنىمۇ يېزىش، كەمچىلىكنىمۇ يېزىش، نەتىجىنى كۆپتۈرۈۋېتىشتىن، خاتالىقىنى يوشۇرۇپ قېلىشتىن قاتتىق ساقلىنىش كېرەك. بۇنداق بولمىغاندا رەھبەرلىكنىڭ كېيىنكى خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشىغا تەسىر يېتىدۇ.

4. ئۆز ۋاقتىدا بولۇش، تېز بولۇش، يەنى ۋاقىتقا ئەھمىيەت بېرىش يۈزىسىدىن، ئىگىلىگەن ئەھۋاللارنى ئۆز ۋاقتىدا ماتېرىيال قىلىپ يېزىپ چىقىپ يۇقىرىغا تېز يوللاش كېرەك. ئەھۋال قانچە تېز ئىنكاس قىلىنسا شۇنچە قىممەتلىك ۋە ئۈنۈملۈك بولىدۇ. بەزى ئىشلارنى ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئىنكاس قىلسا، يا قىممىتى چۈشۈپ كېتىشى، يا ئەجىر بىكار بولۇپ كېتىشى مۇمكىن.

5. ئىخچام، چۈشىنىشلىك بولۇش. ئەھۋال ئىنكاس قىلىش ماتېرىيالى قىسقا ھەم مېغىزلىق بولۇپ، رەسمىي خىزمەت دوكلاتىدىن پەرقلىنىدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن ئاز گەپ بىلەن مول مەزمۇننى ئىپادىلەش ئۈچۈن كۈچلۈك ئىپادىلەش قابىلىيىتىنىڭ بولۇشى زۆرۈر. ماتېرىيالنىڭ تىلى توغرا بولۇشى، يېزىقچىلىق ئىستىلى ئاددىي ـ ساددا بولۇشى، سۆز ئوچۇق، قىسقا، كۈچلۈك بولۇشى كېرەك. قۇرۇق گەپ ۋە قېلىپلىشىپ قالغان گەپلەرنى يېزىشتىن ساقلىنىش كېرەك. (5) (پەتتار رەتلىگەن)

## كېڭەشلىك ئىش بۇزۇلماس

## ئويلىمىغان يەردىن ...

دانىيىنىڭ كوپېنھاگېن شەھىرىدىكى بىر دوختۇرنىڭ ھۆسن تۈزەش سىنىپىدىكى 15 نەپەر قىز كۆرسانتقا تۇيۇقسىز ساقال - بۇرۇت چىقىپ قالغان. بۇ قىزلار 20 — 30 ياشلار چامىسىدا بولۇپ، دەل ئۇلارنىڭ سېزىمچانلىقى تازا ئېشىۋاتقان مەزگىل بولغاچقا، ئۇلار كۆز جىيەكلىرىدىكى قورۇقلارنى يوقىتىپ، ھۆسنىنى تۈزەپ، «گۈزەل»لەشمەكچى بولغان. بىراق ئويلىمىغان يەردىن ئۆزىگە ئاۋارىچىلىق تېپىۋالغان. دوختۇرلارنىڭ تەكشۈرۈشىچە، بۇ ھۆسن تۈزەش دوختۇرى كۆرسانتلارغا بېرىدىغان مۇسكۇل كۈچەيتىش دورىسىغا ئاتلىق ھورمۇنىنى ھەددىدىن زىيادە كۆپ قوشۇۋەتكەنلىكتىن بۇ ئاقىۋەت كېلىپ چىققان ئىكەن. كورسانتلار تۆت تەرەپكە قاتراپ ساقال - بۇرۇتنى تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇۋېتىشنىڭ ئۈنۈملۈك رېتسېپىنى ئىزلىگەن بولسىمۇ، ئۈنۈملۈك چارە تاپالمىغان، ھېلىقى دوختۇر بولسا ئاللىقاچان تىكىۋەتكەن. (5)

## ئاكىيالا كەنتىدە

تۈركىيەنىڭ جەنۇبىدىكى ئانتالىيە ئۆلكىسىدە ئاكىيالا دەيدىغان بىر كەنت بار بولۇپ، ئالتە يىل ئىلگىرى بۇ كىچىك كەنتتە 50 دىن كۆپرەك ئىككى جىنسلىق ئادەم بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندە يەنە بىر ھەسسە كۆپىيىپ 100 دىن ئېشىپ كەتكەن. بۇ خىل غەلىتە ھادىسىنىڭ داۋام قىلغىنىغا 150 يىل بولغان. تۈركىيەدىكى جەمئىيەتشۇناسلار ۋە دوختۇرلار دەسلەپتە بۇنى يېقىن تۇغقانلارنىڭ ئۆزئارا توي قىلىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان دەپ قارىغان. يېقىن تۇغقانلار توي قىلغاندىمۇ ئىككى جىنسلىق بالا تۇغۇلمايدىكەن. ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىنىڭ تەكشۈرۈشىگە ئاساسلانغاندا، بۇ كېسەلنى داۋالىغىلى بولمايدىغانلىقى، بىردىن - بىر چارە تۇغۇتنى كونترول قىلىش ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىشقا بولىدىغانلىقى مەلۇم بولغان. (4)

(دولقۇن تەرجىمىسى)

## «گىگانت بوۋاق»

ئافرىقىنىڭ جەنۇبىي رايونىدىكى بىر دوختۇرخانىدا 1982 - يىلى دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ بىر بوۋاق تۇغۇلغان بولۇپ، ئېغىرلىقى ئون نەچچە كىلوگرام كەلگەن.

سېئىمان ئىسىملىك بۇ بوۋاق ھازىر ئۈچ ياشقا كىرگەن بولۇپ ئۇنىڭ ئېغىرلىقى 39 كىلوگرامغا، بويىنىڭ ئېگىزلىكى 1.22 مېترغا يەتكەن، ئۇ 11 ياشلىق بالىلارنىڭ كىيىمىنى، چوڭلارنىڭ ئايىغىنى كىيىدىكەن. ئانىسىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ھەر ۋاقىتتا بىر لىتر كاكاۋۇ ئىچىدىكەن، گۆش ۋە ياغ بۇ قانچىلىك بولسا ھەممىسىنى يەۋېتىدىكەن. ئۇنىڭ تاماق مىقدارى ئاتا - ئانىسىدىن خېلى كۆپ ئىكەن. ئۇنىڭ ئاۋازى چوڭ ئادەملەرنىڭكىدەك بوم بولغاچقا ئاڭلىغان كىشىلەر ھەيران قالىدىكەن. شۇ سەۋەبتىن ئۇ سۆز قىلىشنى ئانچە ياقتۇرمايدىكەن، ئۇنىڭ تېنى بەستلىك بولغاچقا، تەڭتۇشلىرى بىلەن ئوينىشىشنىمۇ خالىمايدىكەن. (4)

## ماس كېلىپ قېلىش

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە گېرمانىيىنىڭ بىر سۇ ئاستى پاراخوتى ئەنگلىيىنىڭ «ئوۋۇلىق بولانكى» ماركىلىق پاساژىر پاراخوتىغا ئوشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلغان. گومبۇرلىگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ ئەنگلىيىنىڭ پاساژىر پاراخوتى پاچاقلىنىپ گۇمران بولغان. گېرمانىيىنىڭ سۇ ئاستى پاراخوتى دەرھال سۇ ئۈستىگە لەيلەپ چىقىپ ئۆزىنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلەۋاتقان چاغدا، ئەنگلىيىنىڭ پاساژىر پاراخوتىدىكى سۇ مىناسى قاتتىق بىر پارتلاپلا، كۆتۈرۈلمىگەندە ئۈچ توننا ئېغىرلىقتىكى بىر تانكا سۇ ئۈستىگە كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ، گېرمانىيىنىڭ سۇ ئاستى پاراخوتىغا دەل جايىدا زەربە بېرىپ، پاراخوتنى ئىككى پارچە قىلىۋەتكەن. بۇنىڭ بىلەن گېرمانىيىنىڭ سۇ ئاستى پاراخوتىدىكى بارلىق فاشىستلار دېڭىزنىڭ ئاستىغا غەرق بولۇپ تۈگەشكەن. (4)

(ھەبىبۇللا سەمەت رەتلىگەن)

## ئاجايىپ سۆگەت

يوپۇرغا ناھىيىسىنىڭ باياۋات يېزا 2 - كەنتىدە ئاجايىپ يوغان بىر سۆگەت بولۇپ، بۇ سۆگەتنى كۆرسىڭىز ھاڭ-تاڭ قالىسىز، بۇ سۆگەتنىڭ ئاساسى كەۋدىسى بىر بولۇپ تۈۋىنىڭ يوغانلىقى بەش مېتىردىن ئاشىدۇ. سۆگەتنىڭ يەتتە تال يوغان شېخى يەر بېغىرلاپ ئۆسكەن بولۇپ، ئەڭ ئۇزۇن ئۆسكەن غولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 25 مېتىر كېلىدۇ. سۆگەتنىڭ ئېگىزلىكى 18 مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان يېرى شۇكى، سۆگەتنىڭ بىر تال غولى 20 مېتىر ئەتراپىدا يەر بېغىرلاپ ئۆسۈپ ئاندىن ئاسمانغا قاراپ 17 مېتىردىن ئارتۇق ئۆسكەن، بۇ سۆگەت ئىگىلىگەن يەر بىرمو ئىككى پۇڭدىن ئوشۇق بولۇپ ئىشەنچلىك پاكىتلارغا قارىغاندا بۇ سۆگەتنىڭ تارىخى 200 يىلدىن ئاشىدىكەن. (4)

(ئوبۇل مەخسۇت)

## ئاسماندىن چۈشكەن ...

يېقىندا بىرازىلىيىلىك كاپىراننى ئىسىملىك بىر بېلىقچى ئامېرىكىنىڭ «خىرىسچى» ناملىق ئالەم ئايروپىلانىنىڭ پارچىسى كېمىسى بىلەن ئوغلىنى ھالاك قىلغانلىق توغرىلىق شىكايەت قىلىپ، ئامېرىكا ئالەم ئۇچۇش ئىدارىسىنىڭ زىيان ئۈچۈن 2 مىليون 100 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى تۆلەپ بېرىشىنى تەلەپ قىلغان.

كاپىراننىڭ ئادۋوكاتىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ يىل 1 - ئاينىڭ 28 - كۈنى «خىرىسچى» ناملىق ئالەم ئايروپىلانى ھاۋا بوشلۇقىدا پارتلىغان چاغدا، كاپىراننى كېمىسىنى ھەيدەپ يېقىن ئەتراپتىكى دېڭىزدا بېلىق تۇتۇۋاتقان ئىكەن. سائەت 12 دىن 15 مىنۇت ئۆتكەندە، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن ئالتە مېتىر كېلىدىغان بىر مېتال پارچىسى ئاسماندىن چۈشۈپ كاپىراننىڭ بېلىقچى كېمىسىنى ئىككى پارچە قىلىۋەتكەن. كېمىدە ئۇخلاۋاتقان ئوغلى ھاياتىدىن ئايرىلغان. كاپىراننى بالىسىنىڭ ياردىمى بىلەن قۇرۇغاققا چىقىۋالغان. (5)



# شەرق-غەرب ئۆتۈشمىسى-خۇنجىراپ

شىرىن قۇربان

«خۇنجىراپ» — تاجىكچە «پانالىق جىرا»، «راھەت يايلاق» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. بۇ نام مۇشۇ رايوننىڭ رېئال جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

جۇغراپىيىلىك ئورنى جەھەتتىن ئالغاندا، خۇنجىراپ سەككىز پامىرنىڭ بىرى بولغان تاغدۇمباش پامىر (سەرىكۆي پامىر ياكى شەرقىي پامىر دەپمۇ ئاتىلىدۇ)نىڭ ئەڭ ئېگىز يېرىدىن ئورۇن ئالغان بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن سەل كەم 5000 مېتىر ئېگىز كېلىدۇ. ھەيۋەتلىك پامىر ئېگىزلىكى بىلەن قاراقۇرۇم تاغ تىزمىلىرى خۇنجىراپتا ئۆزئارا تۇتىشىدۇ. قاتمۇقات گىرەلىشىپ كەتكەن ئاسمان كەبى تاغ-چوققىلار ئارىسىدىن ئورۇن ئالغان خۇنجىراپ خۇددى رىۋايەتلەردە تەسۋىرلىنىدىغان تىلسىمات ماكاندەك، ئالاھىدە رايوننىڭ سەلتەنەتلىك گۈزەل خەرىتىسىنى شەكىللەندۈرگەن.

تەبىئىي شارائىتىدىن ئالغاندا، خۇنجىراپ — تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ ئەڭ داڭلىق يايلىقى. بۇ يەرنىڭ ئوت-چۆپلىرى ئەلۋەك، ھاۋاسى يارقىن، ھۆل-يېغىن مىقدارى مول بولۇپ، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئەۋزەل شەرت-شارائىت بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ يەردە قوي، ئۆچكە، قوتاز، كالا، ئات، تۆگە قاتارلىق چارۋىلار بېقىلىدۇ. بۇ يەردە يەنە پامىر ئارقىرى، كىيىك، ئېيىق، يىلپىز، بۆرە، تۈلكە، سۇغۇر قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار، بۈركۈت، قارا قۇش، ئۇلا، كەكلىك قاتارلىق ئۇچار قاناتلار ياشايدۇ. قار لەيلىسى، مېھرىگىيا، قورۇمدۇتى، ئەڭلىك ئوت قاتارلىق قىممەت باھالىق دورا ئۆسۈملۈكلىرى بار.

ستراتېگىيىلىك ئورنى جەھەتتىن ئالغاندا، خۇنجىراپ قەدىمدىن تارتىپ شەرق-غەرب ئۆتۈشمىسى. 2000 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە، قەدىمكى «يىپەك يولى»نىڭ پامىر ئارقىلىق ئۆتىدىغان ئىككى تارماق يولىدىن جەنۇبىي يول دەل خۇنجىراپنى بېسىپ ئۆتىدۇ. شۇڭا ئۇ ئېلىمىزنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا ۋە ياۋروپا ئەللىرى بىلەن بېرىش-كېلىش مۇناسىۋىتىدە مۇھىم رول ئويناپ كەلمەكتە. خۇنجىراپنىڭ يوللىرى جاپالىق، ھاۋا كېلىماتى سوغۇق ۋە ئۆزگىرىشچان بولسىمۇ، تارىختىن بېرى سان-ساناقسىز سودىگەرلەر، كارۋانلار، دوستلۇق ئەلچىلىرى، مەشھۇر سەيياھلار، ھاجى-دەرۋىشلەر، ئارخېئولوگ، ئەلپىنىستلار، مەرگەنلەر... جاپا-مۇشەققەتكە قارىماي، تۈمەن چاقىرىملىق مۇساپىنى بېسىپ، بۇ يەردىن ئۆتۈپ ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغان ئىدى.

جۇڭگو-پاكىستان قاراقۇرۇم دوستلۇق يولىدا ئاپتوموبىللار قاتناشقا باشلىغاندىن كېيىن، خۇنجىراپنىڭ ئورنى، رولى ۋە مەجبۇرىيىتى بارا-بارا گەۋدىلىك بولۇشقا باشلىدى.

جۇڭگو-پاكىستان ئىككى تەرەپ 1981-يىلى خۇنجىراپ ئېغىزىنى ئېچىش توغرىسىدا پىرىنسىپ جەھەتتىن كېلىشىم ئىمزالىدى. 1982-يىل 8-ئاينىڭ 22-كۈنى جۇڭگو-پاكىستان ئىككى ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى ئىسلامئابادتا «خۇنجىراپ ئېغىزىنى ئېچىش كېلىشىمى»نى رەسمىي ئىمزالىدى. 1982-يىل 8-ئاينىڭ 27-كۈنى خۇنجىراپ ئېغىزىنى ئېچىش مۇراسىمى تەنتەن-



لىنىڭ ئۈتكۈزۈلۈپ، خونجېراپ ئېغىزى رەسمىي ئېچىلدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سابىق رەئىسى ئىسمايىل ئەھمەت ئېلىمىز ھۆكۈمىتىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى سۈپىتى بىلەن مۇراسىمغا قاتنىشىپ لېنتا كەستى.

خونجېراپ ئېغىزى ئېچىلغاندىن كېيىن، ئېلىمىزنىڭ، بولۇپمۇ شىنجاڭ رايونىنىڭ پاكىستان بىلەن بولغان ھەر خىل بېرىش - كېلىش ۋە ئالماشتۇرۇشلىرى زور دەرىجىدە ئاسانلىشىپلا قالماستىن، يەنە ئېلىمىز گراژدانلىرىنىڭ جەنۇبىي ئاسىيا، غەربىي ئاسىيادىكى ھەر قايسى ئەللەرگە بېرىپ تۇغقان يوقلاش، ھەجگە بېرىش مۇساپىسىمۇ ئىنتايىن زور دەرىجىدە قىسقارتىلدى.

جۇڭگو - پاكىستان ئىككى دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ ئۈزلۈكسىز گۈللىنىشى ۋە سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، خونجېراپ ئېغىزىنى يەنىمۇ كەڭ ئېچىۋېتىش، جۇڭگو - پاكىستان ئىككى مەملىكەت خەلقىنىڭ قان - تەر بەدىلىگە پۈتكەن قاراقۇرۇم تاشيولىنىڭ ئىقتىسادىي پايدىسىنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇش ۋەزىيەت تەقەززاسى ۋە ئىككى مەملىكەت خەلقىنىڭ چىن ئارزۇسىغا ئايلاندى. شۇڭا، جۇڭگو - پاكىستان ھۆكۈمەتلىرى 1985 - يىل 8 - ئايدا يەنە بىر قېتىم كېلىشىم ھاسىل قىلىپ، (1986 - يىل 5 - ئاينىڭ 1- كۈنىدىن باشلاپ) خونجېراپ ئېغىزىنى 3 - دۆلەت گراژدانلىرى ئۈچۈن رەسمىي ئېچىشنى قارار قىلدى.

ئەل ئارىسىدا «ئۇلۇغلار قەدەمگاھى» دەپ نام ئالغان خونجېراپ ئېسىل ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئىللىق تەبەسسۇمى، شەربەتتەك زىلال سۈيى، جانغا ھۇزۇر يارقىن ھاۋاسى، ئىسسىق مېھرى بىلەن مىڭلىغان - تۈمەنلىگەن جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك مېھمانلارنى كۈتكۈسى. (9)

## كىشىنى بىزار قىلىدىغان ئادەتلەر

باشقىلارنىڭ ئەتەي دىققىتىنى تارتىپ پايپاسلاش.

△ ئادەم بار يەردە قاتتىق يۆتىلىش، چۈشكۈرۈش، كېكىرىش، ئاغزىنى چىكىلدىتىش.

△ تىياتىرخانىلاردا، كىنوخانىلاردا پاراڭ سېلىپ باشقىلارنىڭ كىنو - تىياتىر كۆرۈشىگە دەخلى يەتكۈزۈش.

△ ھە دېسىلا بولمىغۇر گەپلەرنى قىلىش.

△ باشقىلارنىڭ كەينىگە كىرىۋېلىش، جامائەت ئالدىدا بىرسى - بىرسىگە مۇھەببەت ئىزھار قىلىش.

△ كىيىم - كېچەكلىرى رەتسىز، يۈز - كۆزلىرى پاسكىنا، تىرناقلىرى ئۆسۈك، تېنى پۇرايدىغان بولۇش.

△ تاماق ئۈستىدە ھەرىكىتى قوپال بولۇش، تائاملارنى تۆكۈۋېتىش.

△ پوزىتسىيىسى قوپال بولۇش، پوچىلىق قىلىش.

△ شەيئىلەرگە قارىتا ئۆزخۇمىدىن تۈزۈك ئۇندۇرۇش پوزىتسىيىسىدە بولۇش.

△ ھاراقنى ھەددىدىن زىيادە كۆپ ئىچىۋېلىپ، جېدەل چىقىرىش.

△ گەپ سۆزدە يېڭىلىپ قالسا ئۇرۇشۇپ جېدەل چىقىرىش.

△ باشقا كىشىلەرنىڭ ئىشلىرىغا نىسبەتەن ھەددىدىن ئارتۇق ھەۋەس قىلىش، يىپ - يىڭنىسىگىچە سۈرۈشتە قىلىش.

△ گەپ دېتىغا ياقمىسىلا تېرىكىش، ھە دېسىلا كايىش.

△ جانلىق بولالماسلىق، ئىش قىلغاندا بىپەرۋالىق قىلىش. (5)

(ئىبرايىم كېرىم رەتلىگەن)


1. بۇ يىل 2 - ئاينىڭ 15 - كۈنى چوپيە بازىرى ئۆلكىرىكىدە كالا قىزىغان بولۇپ، كوچىلاردا ئادەم مىغ - مىغ قايناپتتى. چۈشتىن كېيىن سائەت 6 بولاي دېگەندە چوڭ كوچىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىن بىر ھارۋا قېتىلغان ئات ئۈچقاندەك چېپىپ كەلمەكتە ئىدى.
2. تىنىز قېچىشلار، ئۆزە كىلارنى چەتكە ئىتتىرىپ بىرىنچى ئاۋازكىشىلەرنى پاتىپاراق قىلىۋەتتى. بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغان قورالىق ساقچى قىسىم جەرىيە ناسىلىك ئوتتۇرا ئەترەت جەڭچىسى ئەركىن قاتارلىق جەڭچىلەر كوچىغا قاراپ يۈگۈردى. يولدا بىر بوۋاي قايا تقا قېچىشنى بىلمەي تەمتىرەپ قالغان ئىدى.
3. ئەھۋال خەتەرلىك ئىدى. ئەركىن قىلچە ئىككىلەنمەي تۇرماي، يۈگۈرەپ بېرىپ ئاتنىڭ يۈگىنىگە ئېسىلدى، بىراق ئات ئەركىننىڭ پۇتىنى دەسسەپ، سۆرەپ كەتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ ئاتنىڭ يۈگىنىنى قويۇپ بەرمىدى.
4. بۇ چاغدا ئەركىننىڭ سەپدىشى باۋۇدۇن ئۇ ئېتىپ كېلىپ ئاتنىڭ يايلىسىغا ئېسىلدى. شاش ئات ئامالسىز ھالدا قەدىمىنى توختاتتى. بوۋاي ۋە ھەقتە يېنىك قايتقان ئوقۇغۇچىلار خەتەردىن قۇتۇلۇپ قالدى.
5. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ تۇرغان كۆپچىلىك ئاما: بۇ جەڭچىلەرنى تاخشام كۆرگەن «پاراشوت گولى» دېگەن كىنودىكى قەھرىمانلاردىن ئۆگىنىپ ئەمەلىي ھەرىكەتتە كۆرسەتتى دەپ ماختاشتى.




قۇياش، 4 مىليارد يىل ئىلگىرى زور تۇركۇمدىكى ھىدروگېن ئاتومى بۇلۇتلىرىنىڭ قويۇقلىشىشىدىن شەكىللەنگەن گاز جىسىملىق ئوت شارى. ئۇزاق مەزگىللەر جەريانىدا، ئۇنىڭ 50% يادروسى گېلىيگە ئايلىنىپ بولدى. ئالىملار ھازىر مۇنداق قىياس قىلماقتا: يەنە 5 مىليون يىل ئۆتسە، قۇياشنىڭ يادروسى پۈتۈنلەي دېگۈدەك گېلىيگە ئايلىنىپ ئۆزىنىڭ قىزىلىق مەزگىلىگە قەدەم قويىدۇ، ھەجمى تارىيىدۇ، نۇرى خىرەلىشىدۇ، تېمپېراتۇرىسى تۆۋەنلەيدۇ. ئۇنداقتا ئىنسانىيەت قانداق قىلغاندا ئاندىن بۇ ھالاكەتلىك ئاپەتتىن ساقلىنىپ، داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلەيدۇ؟ ئالىملار ئىلمىي تەتقىقات ۋە يۈرەكلىك تەسەۋۋۇر ئارقىلىق بۇ ھەقتە تۆۋەندىكىدەك ئىككى تۈرلۈك چارىنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

**يەر شارىنى يېڭى ئوربىتىغا يۆتكەش**

يەر شارىنى ھازىرقى ئوربىتىدىن يىراقلاشتۇرۇپ، قۇياش بىلەن بىخەتەر بولغان ئارىلىقنى ساقلاش. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، يەر شارىنى زور مىقداردىكى راكېتىلار توپىغا قاچىلاپ، يەر شارى سىرتىنى ھەمراھىنى قويۇپ بەرگەنگە ئوخشاش، راكېتىلار توپىنى ئالەم بوشلۇقىغا قويۇپ بېرىپ، ئۇلار ھاسىل قىلغان غايەت زور رېئاكتىپ كۈچ ئارقىلىق يەر شارىنىڭ ئايلىنىش ئوربىتىسىنى ئۆزگەرتىش كېرەك. بۇ، ھىدروگېننىڭ بىرىكىش جەريانىنى تىزگىنلەشنى ئىگىلەشكە مۇھتاج. ئالىملار، دېڭىز - ئوكيان سۈيىنىڭ ئون پىرسەنتىنى «كۆيدۈرگەن»دە، يەر شارى ئوربىتىسىنى ھازىرقى ساتورن ئوربىتىسىغا ئېلىپ بارغىلى بولىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەشمەكتە.

يۇقىرىقى چارە پەقەت قىسقا مەزگىل ئىچىدە ھەل قىلىش چارىسى بولۇپ قۇياشنىڭ چوقىتا ئايلىنىش باسقۇچىدىلا (100 مىليون يىلغا يەتمەيدۇ) كارغا كېلەلەيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىش كېرەك؟

**قۇياشقا قارىتا تېز قۇتقۇزۇش ئېلىپ بېرىش**

قۇياشنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولامدۇ - يوق؟ بىزگە مەلۇمكى، قۇياش ھىدروگېن ئاتومىنى پارچىلاپ گېلىيگە ئايلاندۇرۇش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ قۇۋۋەت ھاسىل قىلىدۇ. قۇياش مەركىزىنىڭ ھارارىتى ئىنتايىن يۇقىرى بولىدۇ. پارچىلىنىشنىڭ يادرولۇق رېئاكسىيىسى شۇ يەردە يۈز بېرىدۇ. 5 مىليون يىللاردىن كېيىن، بۇ غايەت زور ھارارەتنىڭ مەركىزىدە ھىدروگېن قالمايدۇ، بىراق، يەنە زور مىقداردىكى پارچىلانمىغان ھىدروگېن مەركەز بىلەن قۇياش يۈزىنىڭ ئارىلىقىدا بار بولىدۇ. شۇڭا بىر «ناسوس» ئارقىلىق پارچىلىنىشنىڭ ئايلانما ئېقىمىغا تۈرتكە بولۇپ، مەركەزنى يېقىلغۇ ئۈزۈلۈپ قېلىش تۈپەيلىدىن پارچىلىنىش جەريانىنى ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان قىلغىلى بولىدۇ. بۇنداق چارىنى قوللانغاندا، قۇياشنىڭ ئۆمرىنى 10 مىليارد يىلدىن 100 مىليارد يىلغىچە ئۇزارتقىلى بولىدۇ. ئالىملار شۇنىڭغا ئىشىنىدۇكى، ھامان بىر كۈنى، ئىنسانىيەت بارلىق قىيىنچىلىقلاردىن قۇتۇلۇشنىڭ بىر مۇكەممەل يولىنى تېپىۋالالايدۇ. (5)





# ئۇمۇ قانۇننى بىلمىگەن بولسا

لياۋنىڭ كىنو ـ ستۇدىيىسى تەرىپىدىن تەكلىپ قىلىنىپ كىنو ئىشلەشكە قاتنىشىۋاتقان داشىچاڭ 1982 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئايالىنىڭ: «مەن چىدىيالمىدىم، مەن ساراڭ بولۇپ قالاي دېدىم» دەپ يېزىلغان بىر پارچە خېتىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپلا غەزەپ بىلەن شاڭخەيگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. شاڭخەي كوچىلىرىدا ئۇزۇن ئادەم ـ سودالنەزەرى بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلىدۇ.

ئەسلىدە 1982 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن باشلاپ جەمئىيەتتە داشىچاڭ لۈكچەكلىك قىپتۇ دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر تارقىلىپ كەتكەن ئىدى. بولۇپمۇ شۇ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن شاڭخەيدىكى بىر گېزىتنىڭ پېشقەدەم مۇخبىرى شۈي × × مەلۇم سىستىما تەشۋىقات مەشقى سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىغا دەرس سۆزلەۋېتىپ: «داشىچاڭنىڭ تۇرمۇشىدا مەسىلە بار. جامائەت خەۋپسىزلىكى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىدى» دېگەن. ئۇنى قاتتىق ئازاپلايدىغىنى شۇ چاغدا ئادەتتىكى ئاما بۇ گەپلەرنى راست دەپ ئىشىنىپلا قالماي، ھەتتا مەدەنىيەت ئورگانلىرىدىكى بەزى رەھبىرىي كادىرلارمۇ بۇ سۆزگە ئىشەنگەن. داشىچاڭ ھەممە يەرگە قاتراپ ھال ئېيتىپمۇ ھېچقانداق نەتىجە چىقمىدى. ئاخىرى ئۇ سوتنىڭ دەرۋازىسىغا قەدەم باستى. ئۇ سوتتىن تۆھمەت قىلغۇچىلارنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى سۈرۈشتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

1983 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئوچۇق سوت ئېچىلدى. سوتنىڭ ئاخىرىسىدا «داشىچاڭنىڭ ئىنتىملى ساپ، تۇرمۇشتا ئۆسەك ۋە تۆھمەت بىلەن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى، شۈي × × نىڭ ھەرىكىتى تۆھمەت قىلىش ھەرىكىتى. ئۇ داشىچاڭنىڭ ئىنسانلىق غۇرۇرى ۋە نامىنى زىيانكەشلىككە ئۇچراتقان ھەممە دۆلەتنى ئىقتىسادىي جەھەتتە زىيانغا ئۇچراتقان. مەلۇم ئاقىۋەتنى بار، قانۇن يول قويمايدۇ . . .» دەپ يەكۈن چىقىرىلىپ شۈي × × گە پارتىيە ئىچىدە ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلدى.

دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنى ۋە باشقا قانۇنلاردا دۆلىتىمىز پۇقرالىرىغا ناھايىتى كۆپ ھوقۇق بېرىلگەن، لېكىن تۇرمۇشتا قانچىلىك ئادەملەر بۇ ھوقۇقتىن پايدىلىنىشنى بىلىدۇ، ئۆزىنىڭ كىشىلىك ئەركىنلىكى ياكى غۇرۇرى دەپسەندە قىلىنغان ۋاقىتتا بەزىبىر مەدەنىيەت سەۋىيىسى يۇقىرى ئادەملەرمۇ قول قوشتۇرۇپ تەدبىر قوللانمايدۇ. خاراكتېرى يۇمشاق ئادەملەر پەقەت جىمجىتلا تۇرۇۋالىدۇ. خاراكتېرى قوپال ئادەملەر ئاچچىقىغا پايلىماي قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جازاغا ئۇچرايدۇ. بۇ بەكمۇ ئېچىنىشلىق. بۈگۈنكى كۈندە تۆھمەت قىلىش جىنايىتى بىلەن ئەمەلىي جازاغا تارتىلغانلار ھەرگىزمۇ كۆپ ئەمەس. لېكىن پۈتۈن خەلقنىڭ قانۇنغا بولغان تونۇشىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن بۇ خىل ۋەزىيەت ناھايىتى تېزلا ئۆزگىرىدۇ. دوستۇم، ھازىرقى جەمئىيەتنىڭ بىر پۇقراسى بولغانلىقىمىز ئۈچۈن ئاساسىي قانۇن ۋە باشقا قانۇنلاردا بىزگە بېرىلگەن ھوقۇقتىن قانداق پايدىلىنىشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز، قانۇندىن پايدىلىنىپ ئۆزىمىزنى قوغدىشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىرگە قانۇننى بىلمەي، باشقىلارغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىدىغان ئەھۋالدىن ساقلىنىشىمىز لازىم. (9)



# دىياۋانكۇ خارابىلىغىدىكى سىر



پەرۇدىكى دىياۋانكۇ قەدىمىي شەھىرى سىرلىق مۆجىزىلەرگە تولغان شەھەر. بۇ شەھەر، دېڭىز يۈزىدىن 4000 مېتىر ئېگىزلىككە جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ يېقىن ئەتراپىدا ئادەم ياشايدىغان يەر يوق. پېرۇنىڭ كۇسكو شەھىرىدىن يولغا چىققاندا پويىز ياكى پاراخوت بىلەن بىرقانچە كۈن سەپەر قىلىپ ئاندىن ھازىر قېزىپ تەكشۈرۈلۈۋاتقان دىياۋانكۇ شەھىرىگە يېتىپ كەلگىلى بولىدۇ. بۇ شەھەر جايلاشقان ئېگىزلىك قارىماققا قانداقتۇر بىر پىلانېتىغا ئوخشايدۇ. بۇ يەردىكى ئاتموسفېرا بېسىمى دېڭىز تەكشىلىكىدىكى يەر يۈزىدىكى ئاتموسفېرا بېسىمىنىڭ يېرىمىغا توغرا كېلىدۇ. ئاتموسفېرا تەركىبىدىكى كىسلاروتمۇ ئىنتايىن تۆۋەن، ئەمما دەل مۇشۇنداق يەرگە قەدىمكىلەر دىياۋانكۇ شەھىرىنى بەرپا قىلغان. بۇ قەدىمىي (بۇ شەھەرنىڭ يېشى تېخى ئېنىقلانمىدى) شەھەرنىڭ خارابىلىقىدا نۇرغۇن مەخپىيەتلىكلەر، سىرلار تولۇپ ياتماقتا.

بۇ يەردە 100 توننا ئېغىرلىقتىكى بىر پارچە گىرانىت تاش ئۈستىگە 60 توننىلىق تاشلار بىلەن چوڭ بىر تام قوپۇرۇلغان. بۇ چوڭ تاشلارنىڭ يۈزى ئەينەكنىڭ يۈزىدەك سىلىقلانغان. جىپسىلاشتۇرۇلغان گىرەچىلەرنىڭ بولسىمۇ ئىنتايىن توغرا ئۆلچەنگەن. بۇ تاشلار مىس قارماق بىلەن بىر - بىرىگە چېتىلغان. پۈتۈن قۇرۇلۇش ئىنتايىن ئۈستىلىق بىلەن پۈتتۈرۈلگەن. ئېغىرلىقى ئون توننا كەلگۈدەك چوڭ تاشلاردا ئىككى يېرىم مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى تۆشۈكلەر بولۇپ، بۇ تۆشۈكلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن تېشىلگەنلىكى ھەققىدە ھېلىغىچە بىر چۈشەنچە يوق. بۇ شەھەردە يەنە بىر مېتىر 80 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى، يېرىم مېتىر كەڭلىكتىكى تاشتىن ياسالغان نوكەشلەر جاي - جايلاردا ئويۇنچۇقتەك چېچىلىپ ياتىدۇ. بۇ نوكەشلەرنىڭ چېچىلىپ يېتىشى بۇ يەردە نامەلۇم بىر ئاپەتنىڭ بولۇپ ئۆتكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ تاش نوكەشلەرنىڭ ياسىلىش سۈپىتى شۇنچىلىك ياخشىكى ھازىرقى زاماندا ياسالغان سېمونت تۇرۇبىلارمۇ ئۇنىڭغا يەتمەيدۇ. ئۇنداقتا دىياۋانكۇ شەھىرىدىكىلەر بۇ نوكەشلەرنى پەقەت زېرىكىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈنلا ياساپ ئوينىغانمۇ؟

ھازىر رېمونت قىلىنىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن بىر ھويلىدا قالايمىقان تاشلاپ قويۇلغان ۋە دۆۋىلەپ قويۇلغان نۇرغۇن تاش ئادەم باشلىرى

بار. بۇ باشلار قارىماققا دۇنيادىكى ھەر خىل ئىرقلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. تاشتىن ئويۇلغان ئادەم باشلىرىنىڭ بەزىسىنىڭ كالپۇكى نېپىز، بەزىسىنىڭ قېلىن، بەزىسىنىڭ بۇرنى ئۇزۇن، بەزىسىنىڭ ئىلمەك بۇرۇن، بەزىسىنىڭ قۇلىقى چوڭ، بەزىسىنىڭ كىچىك، بۇ يوچۇن چىرايلار بىزگە نېمىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ؟

سىرلىق دىياۋانكۇ شەھىرى ھەققىدە مۇنداق رىۋايەتلەر بار. ئېيتىلىشىچە، بىر چاغلاردا ئالتۇن رەڭلىك بىر ئۇچار كېمە ئاسماندىن چۈشۈپتۇ، كېمىدىن بىر ئايال چىقىپ كەپتۇ. ئۇلىيانا دېگەن بۇ ئايالنىڭ ۋەزىپىسى يەر شارى ئۈچۈن «ئۇلۇغ ئانا» بولۇش ئىكەن، ئۇلىيانانىڭ قول پەنجىسىدە تۆتتىن بارمىقى بولۇپ، بارماقلىرى ئارىسىدا گۆش پەردە بار ئىكەن. ئۇلۇغ ئانا يەر شارىدا 70 پەرزەنت تۇغۇپ، ئۇلارنى تەربىيىلەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يەنە ئاسمانغا چىقىپ كېتىپتۇ.

دىياۋانكۇ شەھىرى خارابىسىدىن ھەققەتەن قول پەنجىسىدە تۆت بارمىقى بار، بارماقلىرى ئارىسىدا گۆش پەردە بار تام رەسىملىرى تېپىلغان.

يەنە پېرونىڭ كۇسكۇ دېگەن يېرىدە ئاجايىپ مۆجىزىلىك بىر تاش تام بار. قەدىمىي ئىنجالىقلارنىڭ مۇداپىئە ئەسلىھەلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدىغان بۇ تام 100 توننىلىق پۈتۈن - پۈتۈن تاشلاردىن قوپۇرۇلغان. قەدىمىي كىشىلەرنىڭ يىراق جايلاردىن تاش يۆتكەپ كېلىش ۋە ئۇلارنى تاراشلاش ۋاقتىدا قانداق تېخنىكا ۋە قانداق ۋاسىتىلەرنى قوللانغانلىقىنى چۈشىنىش ھەققەتەن قىيىن! بۇ تاش تامغا ئانچە يىراق بولمىغان جايدا يەنە بىر ۋولقان ئېغىزىدا بۇ يەرگە ساياھەتكە كەلگەنلەر مۇنداق بىر مۆجىزىنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشىدۇ. بۇ مۆجىزە، ۋولقان ئېغىزىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان تۆت قەۋەت بىنا چوڭلۇقىدىكى بىر تۆت بۇرجەك تاشتىن ئىبارەت. بۇ تاش تاشچى ئۇستىلارنىڭ ئەپچىل قوللىرىدا تاراشلانغان، ئۇنىڭ پەلەمپىيى ۋە يانتۇلۇقلىرى بار. يەنە بۇرىمىسمان ئويۇقچىلار ئويۇلۇپ كۆركەملەشتۈرۈلگەن. بۇ زور تاش ئىنجالىقلارنىڭ بىزگە تېخى مەلۇم بولمىغان مەقسەتلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلغانمۇ؟

كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان يەنە بىر مۆجىزە شۇكى، بۇ تاش تاراشلىنىپ بولغاندىن كېيىن قايتا ئۆرۈپ قويۇلغان، شۇڭا بۇ تاشنىڭ پەلەمپەيلىرى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قاراپ سوزۇلغان. ئىنسانىيەت ئۆز كۈچىگە، بىر جۈپ قولىغا تايىنىپلا بۇ تاشنى يىراقتىن يۆتكەپ كەلگەنلىكىگە، ئاستىن - ئۈستۈن قىلغانلىقىغا كىممۇ ئىشىنىدۇ؟ يۇقىرىدىكى ئىش مىقدارى ئۈچۈن قانچىلىك كۈچ كېتىدۇ؟

بۇ يەرگە كەلگەن ساياھەتچىلەر بۇ تاشتىن 800 مېتىر يىراقلىقتىكى جايدا ئاقىرىپ تۇرغان ئەينەككە ئايلىنىپ كەتكەن قىيا تاشلىقلارنى كۆرۈپ ئاغزىنى ئېچىپلا قالىدۇ، بۇنداق قىيا تاشلار ئىنتايىن يۇقىرى تېمپېراتۇرا ئاستىدىلا ئاندىن ئەينەككە ئايلىنالايدۇ. ھالبۇكى، باشقا قۇملۇقلاردا ۋە ئىراق چۆللىرىدىكى خارابىلار يېنىدا ئەنە شۇنداق ئەينەككە ئايلىنىپ كەتكەن تاشلار تېپىلدى. بۇ ئەينەككە ئايلىنىش ھادىسىسىنىڭ ئامېرىكا قۇملۇقىدىكى ئاتوم بومبىسى پارتىلىغان يەردىكى ئەينەككە ئايلىنىش ھادىسىسى بىلەن بەكمۇ ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقىنى كىم چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ؟

سۈمەرلىقلار مىلادىدىن بۇرۇنقى 200-يىللار ئۆزلىرىنىڭ پارلاق تارىخىنى يېزىپ قالدۇرۇشقا باشلىغان. بىز تا بۈگۈنكىچە سۈمەرلىقلارنىڭ

ئەدىن پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى ئۇقمايمىز، شۇنىسى ئېنىقكى، سۈمەرلىقلار ئەڭ ئىلغار مەدەنىيەتنى شۇ چاغلاردا يېرىم ياۋايى ھالدا ياشاۋاتقان سامىتلارغا ئۆگەتكەن، سامىتلار تاغ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ ئۆزلىرىنىڭ «ئىلاھى»نى ئىزلەپ يۈرىدىغان خەلقلەر. ئۇلار تۇرغان يەردە تاغ بولمىسا، ئۇلار ئۆزلىرى توپا ۋە تاشلارنى دۆۋىلەپ تاغ ياسىۋالىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاسترونومىيە ئىلمى ئەڭ تەرەققىي قىلغان، ئۇلارنىڭ ئاسترونوملىرى ھېسابلاپ چىققان يەر شارىنىڭ ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىش ۋاقتىنىڭ بۈگۈنكى ئەڭ ئىلغار ئەسۋابلار بىلەن ھېسابلانغان قىممەت بىلەن بولغان پەرقى پەقەت 0.4 سېكونتلا كېلىدۇ. ئۇلار بىزگە ئىنتايىن قىممەتلىك بولغان بىر نەرسە قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇ بولسىمۇ كۇرۇنچۇق تېغى ئۈستىدىن تېپىلغان بىر ھېسابتىن ئىبارەت. بۇ ھېسابنىڭ نەتىجىسى ھازىرقى سان بويىچە يېزىلغاندا 195·955·200·000·000 بولىدۇ. بۇ 15 خانىلىق سان! بىز غەرب مەدەنىيىتىنىڭ بوۋىسى بولغان گىرېكلارنى ئىنتايىن ئەھمىيەت بىلەن تەتقىق قىلىۋاتىمىز. ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى تەرەققىي قىلىپ ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكەن چاغدىمۇ ئۇلاردىكى ئەڭ چوڭ سان 10·000 دىن ئاشمىغان، بۇ ساندىن ئېشىپ كەتكەن سانلارنى ئۇلار ئاددىيلا قىلىپ «چەكسىز سان» دەپ ئاتىغان.

سۈمەرلىقلارنىڭ قەدىمىي ھاياتى قەدىمىي ئىرىگلۇن يېزىقلار ئارقىلىق خاتىرىلەپ قالدۇرۇلغان. مەسىلەن: ئالدىنقى ئون نەپەر پادىشاھ جەمئىي 456 مىڭ يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان دېيىلگەن. توپان بالاسىدىن كېيىن يۇرتنى قايتا قۇرۇپ چىقىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان پادىشاھ بولسا 24 مىڭ 510 يىل ئۈچ ئاي ئۈچ يېرىم كۈن ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن. پۈتۈن پادىشاھلارنىڭ ئىسمى ۋە ھۆكۈمرانلىق قىلغان يىللىرى خاتىرىلەرگە، پۇللارغا يېزىپ قالدۇرۇلغان بول-سىمۇ، لېكىن بىزنىڭ تەپەككۇر شەكلىمىز بۇنداق ئۇزۇن دەۋرنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا ھەقىقەتەن ئاجىز.

بىز يەنە تۆۋەندىكىلەرگە نەزەر سالايلى:

لىۋاندا ئەينەك ھالىتىدىكى قىيا تاشلار بولۇپ، بۇ دەسلەپتە مېتورىت دەپ ھېسابلانغان. ئامېرىكىلىق دوكتور سىنارنىڭ تەكشۈرۈشى ئارقىلىق ئەينەك ھالىتىدىكى تاشلاردا ئاليۇمىننىڭ راداتسىيەلەنگەن ئىزوتوپلىرى بايقالغان.

مىسىر ۋە ئىراقتا يەر ئاستىدىن قېزىۋېلىنغان، ئىنتايىن ئۇستىلىق بىلەن سىلىقلىنىپ ياسالغان خىرۇستال لوپا ساقلانماقتا. بۇنداق لوپىلارنى ياساش ئۈچۈن جەزمەن سېزىي ئوكسىدى بولۇشى كېرەك. سېزىي ئوكسىدىنى پەقەت ئېلېكترولىز ئۇسۇلى ئارقىلىقلا ئېرىشكىلى بولىدۇ.

ئاسىيانىڭ تاغلىق رايونلىرىدا بىر پارچە تام رەسىمىدە ھەر قايسى يۇلتۇز تۈركۈملىرىنىڭ 10 مىڭ يىل ئاۋۋالقى ئورنى ئېنىق كۆرسىتىلگەن. مارس بىلەن يەرشارى بىر تۈز سىزىق بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان.

پېرو ئېگىزلىكلىرىدىن پىلاتىنا بىلەن ياسالغان زىننەت بۇيۇملىرى تېپىلغان.

دېھلى شەھىرىدە بىر قەدىمىي تۆمۈر تۈۋرۈك بولۇپ، ئۇنىڭ تەركىبىدە يا فوسفور، يا كىگۈگۈرت بولمىغىنى ئۈچۈن تا ھازىرغىچە ئوكسىدلانمىغان (داتلاشمىغان).

ئۇ چاغلاردا ئۆڭكۈرلەردە ياشاۋاتقان ئىپتىدائىي ئادەملەر قانداق ئەسۋاب ۋە قانداق ئۇسۇللار ئارقىلىق يۇلتۇزلار تۈركۈمىنىڭ ئورنىنى شۇ دەرىجىدە ئېنىق كۆرسىتىپ بېرەلىگەن؟

پىلاتىنانى كىم تاۋلىيالىغان؟ پىلاتىنانى ئېرىتىش ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان 1800 گرادۇس ئىسسىقلىقنى قانداق ھاسىل قىلالىغان؟

يۇقىرىقىلار راستىنلا چۈشەندۈرۈش قىيىن بولغان مەسىلىلەر. شۇڭا بىز بۇرۇنقى زامانلاردا يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان مەدەنىيەت ۋە پەن-تېخنىكىنىڭ بولغانلىقىنى قىياس قىلساق نېمە ئۈچۈن بولمايدىكەن؟

## ياشلارنىڭ ئەڭ . . .

هازىرقى زامان ياشلىرىنىڭ ئەڭ كۆيۈنىدىغىنى ئىسلاھاتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش؛

ئەڭ قورقىدىغىنى ئۈمىدسىزلىنىشنىڭ تەكرارلىنىشى؛

ئەڭ ياخشى كۆرىدىغىنى ئۇلارنى چۈشىنىدىغان ھەم ئۇلارغا ئىشىنىدىغان كىشىلەر؛

ئەڭ پارىشان بولىدىغىنى جەمئىيەت تەرىپىدىن خالىغانچە ئەيىبلىنىش؛

ئەڭ تەشنا بولىدىغىنى ئارتۇقچە قاتلام، ئوشۇق يول،ئارتۇقچە رەسمىيەت؛

ئەڭ ئۆچ كۆرىدىغىنى ساختىپەزلىك؛

ئەڭ نەپرەتلىنىدىغىنى جەمئىيەتتىكى ئىللەتلەر. (5)

(ئىبراھىم كېرىم تەرجىمىسى)

## گۈل ۋە تەپەككۇر

ئالىملار تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئوخشاش بولمىغان گۈل پۇرىقىنىڭ ئادەمنىڭ تەپەككۇرىغا ئوخشاش بولمىغان تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى بايقىغان.

ئادەتتىكى ئەھۋالدا نىلۇپەر ۋە نەركەس گۈلىنىڭ خۇش پۇرىقى كىشىلەرگە مۇلايىملىق تۇيغۇسىنى، ئەتىرگۈل خۇشاللىق تۇيغۇسىنى، قوڭغۇراق گۈل ۋەلىمۇنىنىڭ خۇش پۇرىقى ئۈمىدۋارلىق تۇيغۇسىنى، ئاق چاي گۈلى ۋە سېرىنگۈل جىمجىتلىق تۇيغۇسىنى بېرىدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا سېرىنگۈل زۇكامنىڭ ئالدىنى ئېلىش، نەپەسنى تەڭشەش، مېڭىنى سەگەكلەشتۈرۈش رولىنى ئوينايدىكەن، پىياز گۈل ۋە چىغىرتماق گۈل كىشىلەرگە ھەددىدىن ئارتۇق ھاياجانلىنىش تۇيغۇسىنى بېرىدىكەن. (5)

## بالىڭىزنى يۈرەكلىك بولسۇن دېسىڭىز

باللارنى بالدۇرراق ئايرىم ياتقۇزۇش ئۇلارنىڭ ئەقلىي قۇۋۋىتىنى ساغلام تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىلىق. باللار ئۈچ-تۆت ياشقا كىرگەندە شەيئىلەرنى بىر قەدەر سەزگۈرلۈك بىلەن كۆزىتەلەيدىغان بولىدۇ. بەش- ئالتە ياشتا تېخىمۇ ئىش بىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئاتا - ئانىلار باللارنى يېنىدا ياتقۇزسا ئاتا - ئانىلارنىڭ ئىدىيە ۋە ھېسسىيات ئالماشتۇرۇشىغا تەسىر يەتكۈزۈپلا قالماي، باللاردا ناھايىتى ئاسانلا خاتا ھېسسىياتنى پەيدا قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا باللاردا ياخشى تۇرمۇش ئادىتىنى شەكىللەندۈرۈش قىيىن بولۇپلا قالماي،بەلكى قورقۇنچاق،يۈرەكسىز بولۇپ قالىدۇ. ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە بالدۇرراق ئايرىۋېتىش باللارنىڭ مۇستەقىل خاراكتېرىنى يېتىلدۈرۈشكە ياردىمى بولىدۇ. (9)

## «گرادۇس» نىڭ مەنىسى

كۆزەينەك ئۈستىدىكى بىر گرادۇس ئەينەك كۆزدىكى نۇر سۇندۇرۇش دەرىجىسىنىڭ يۈز ھەسسىسىنى كۆرسىتىدۇ.

ھاراقنىڭ گرادۇسى ئىسپىرتنىڭ قويۇقلۇق پىرسەنت ھەجمىنىڭ ھاراقتىكى مىقدارىنى كۆرسىتىدۇ.

جۇغراپىيىدىكى گرادۇس يەر شارىدىكى مېرىدىيان ۋە كەڭلىك گرادۇسىنى ئايرىيدىغان بىرلىك.

گېئومېترىيىدىكى گرادۇس ئەگمە ياكى بۇلۇڭنىڭ ئۆلچەم بىرلىكى، چەمبەر ئايلانمىسىنى 360 تەڭ بۆلەككە بۆلۈپ، ھاسىل بولغان ئەگمە، بىر گرادۇسلۇق ئەگمە بولىدۇ. بىر گرادۇسلۇق ئەگمىگە قارشى چەمبەردىكى مەركىزىي بۇلۇڭنى بىر گرادۇسلۇق بۇلۇڭ دەيمىز. (9)

## ب. د. ت ھەققىدە

بد ت بىناسىدا دۇنىيادا ئازئۇچرايـ
دىغان ئۇرغۇن قىممەتلىك بۇيۇملار
بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ب د ت غا
ئەزا دۆلەتلەر تەقدىم قىلغان.
1969 - يىلى ئامېرىكىنىڭ «ئاپوللو»
ناملىق ئالەم كېمىسى تۇنجى قېتىم ئايغا
چىققاندا ئالەم ئۇچقۇچىسى ئېلىپ چىققان
115 گرام كېلىدىغان بىر پارچە ئاي
شارى تېشىنى كۆكۈل قويۇپ تاللايدۇ.
ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى بۇ «ئاسمان
تېشى» نى ب د ت غا سوۋغا قىلىدۇ.
شۋېيتسارىيە ب د ت غا بىر دانە دۇنـ
يا سائىتىنى ھەدىيە قىلغان، ئۇنىڭغا دۇنيا
خەرىتىسى چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، ئۈستىدە
ھەر بىر رايوننىڭ ۋاقتى كۆرسىتىلگەن.
1974 - يىلى دۆلىتىمىز ب د ت غا
بىر دانە گىلەم سوۋغا قىلغان، گىلەمگە ھەيـ
ۋەتلىك سەددىچىن سېپىلى نەقىشلەنگەن. (5)

## ئۆتتۈرۈلمش قايىلمىيتىنى . . .

مېڭىنىڭ ھەرىكىتى رېتىملىق بولۇش،
كىتابنى كۆپ كۆرۈپ، مېڭىنىڭ
جانلىقلىقىنى ساقلاش، قان تومۇر قېتىش
ۋە قەنت سىيىش كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش،
دوختۇرغا مۇددەت بويىچە ۋاقتى - ۋاقتىدا
تەكشۈرتۈپ تۇرۇش، روھىي كېسەللىكنىڭ ئالـ
دىنى ئېلىش، ھەر قانداق روھىي ئازابقا
نىسبەتەن سالماق، ئېغىر بېسىقلىق بىلەن
مۇئامىلە قىلىش، چېچىلماسلىق، ئۆز ۋاقتىـ
دا ئۇخلاشقا كاپالەتلىك قىلىش، ئۆزىنىڭ
پۈتۈن ئىقتىدارىنى ئەڭ ياخشى تەرتىپكە
سېلىش، ئۇششاق بارماقلارنى داۋاملىق
ھەرىكەتلەندۈرۈپ تۇرۇش، ياش دوستـ
لارنى كۆپلەپ تۇتۇش، ئوچۇق كۆڭۈل بو-
لۇشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش لازىم. (9)

(مەريەم تۇردى تەرجىمىسى)

## سالامەتلىك ھەققىدە يېڭىچە ئۇقۇم

دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى يېقىندىن
بۇيان سالامەتلىك تەن سالامەتـ
لىك ياخشى بولۇشتىن تاشقىرى يەنە پىسـ
خىك جەھەتتىكى سالامەتلىكنى ۋە ئىجتىـ
مائىي ئالاقە جەھەتتىكى سالامەتلىكنىمۇ
ئۆز ئىچىگە ئېلىشى لازىم، دېگەننى ئوتـ
تۇرىغا قويدى. دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ
سالامەتلىك ھەققىدىكى يېڭى ئۇقۇمىنى ئۆلچەش ئۈچۈن
ئالىملار «تېز سۆزلەش» دېگەننى قوشتى.
«تېز سۆزلەش» بىر ئادەمنىڭ تەپەككۇر
قىلىشىنىڭ تېزلىكىنى، قارشى تەرەپ قىلىـ
ۋاتقان سۆھبەتنىڭ مەزمۇنىنى ۋە ئوتتۇ-
رىغا قويغان مەسىلىلەرنى تېز ۋە توغرا
چۈشىنەلەيدىغانلىقىنى ھەمدە ئۇلارغا تېـ
گىشلىك جاۋاب بېرەلەيدىغانلىقىنى كۆرسىـ
تىدۇ. بۇلار پىسخىك ۋە ئىجتىمائىي ئالاقە جەـ
ھەتتىكى سالامەتلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. (5)

## دۇنيادىكى ئەڭ ئىسسىق دېڭىز

دۇنيادىكى ئەڭ ئىسسىق دېڭىز — قىزىل
دېڭىز بولۇپ، ئۇ ئاسىيا بىلەن ئاف-
رىقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. قىزىل
دېڭىزدىن كۆپ چىقىدىغان مەرۋايىت كۆك-
يېشىل يوسۇن بولۇپ، بۇ خىل يوسۇن ئۆل-
گەندىن كېيىن رەڭگى قوڭۇرغا ئۆزگىرىپ،
دېڭىز يۈزىنى بىر تۇتاش قىزىل تۇسكە
كىرگۈزگەچكە قىزىل دېڭىز دەپ ئاتالغان.
دۇنيادا دېڭىز - ئوكيانلاردىكى سۇلار-
نىڭ ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى سېلسىيە 17
گرادۇس بولىدۇ، لېكىن قىزىل دېڭىز سۇ
يۈزىنىڭ تېمپېراتۇرىسى سېلسىيە 27 گرا-
دۇستىن 32 گرادۇسقىچە بولىدۇ. ئادەمنى
تېخىمۇ ھەيران قالدۇرغىنى قىزىل دېڭىز-
نىڭ تەكتىدىكى ئەڭ چوڭقۇر يەرلىرىدىكى
سۇيىنىڭ تېمپېراتۇرىسى سېلسىيە 60 گرا-
دۇستىن يۇقىرى بولىدۇ. (9)




ئەنگلىيىنىڭ ناربا سقا يېقىن جايىدا 1985- يىلى، قاتتىق بوران 54 ياشلىق ۋىتورىيە رۇسىنى ماشىنىسى بىلەن قوشۇپ ئۇچۇرتۇپ دەرياغا تاشلىۋەتكەن. ئۇ ئامال قىلىپ ماشىنىنىڭ كابىنكىسىدىن چىقىپ ناھايىتى تەستە قىرغاققا ئۈزۈپ بارغان، لېكىن بالا كەلسە قوش كەپتۇ دېگەندەك ئۇنىڭ قولى تاشقا تېگىشى ھامان، بوران ئۆرۈۋەتكەن بىر تۈپ دەرەخ ئۇنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ جېنىدىن ئايرىلغان.

△ ئەنگلىيىلىك 26 ياشلىق لېبدرىس چىش ئاغرىقىنى كۆرسىتىشتىن بەك قورقاتتى. 1979- يىلى، ئۇ چىشىنىڭ ئاغرىقىغا چىدىيالماي ئاخىرى بىر خىزمەتدىشىغا چىشىنىڭ ئاغرىغان يېرىگە بىر مۇشت ئۇرۇپ چىش ئاغرىقىنى توختىتىپ قويۇشنى ئۆتۈنۈپ قىلغان. كىم بىلسۇن، مۇشت ئۇنىڭ بېشىغا تېگىپ، باش مېڭىسىنى يېرىۋەتكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ، ئۇدۇنياغا سەپەر قىلغان.

△ كىيوركى. شۋاس — كىچىك تىپتىكى بىر زاۋۇتنىڭ خوجايىنى. 1983- يىلى، ئۇنىڭ زاۋۇتى پارتلاش ۋەقەسىدە كۆلگە ئايلىنىپ كەتكەن، لېكىن ئۇ تام تۈۋىگە مۆكۈنۈۋېلىپ ئازراق يارىلانغاندىن باشقا ھېچنەرسە بولمىغان. ئۇ داۋالىنىپ ساقىيىپ زاۋۇتقا قايتقاندىن كېيىن، ئۇ تام تۈۋىدىن ئۆز ھاياتىنى ساقلاپ قالغان ئارخىپ ماتېرىياللارنى تاپماقچى بولغان، كىم بىلسۇن، ھېلىقى تام تۇساتتىن ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ ئۇنى بېسىپ ئۆلتۈرۈپ قويغان.

△1981- يىلى، ئىتالىيىنىڭ پىسا شەھىرىدىكى 42 ياشلىق ئىشسىز ھونلۇمىرو، رېبور ئاشخانىدا قولىغا ئىلىتىق ئېلىۋېلىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۋالماقچى بولغان، ئۇنىڭ ئايالى ئۇنىڭدىن ئۇنداق قىلماسلىقنى ئۆتۈنگەن، لېكىن ئۇ بىر سائەتتىن كېيىن ئىلىتىقنى يەرگە تاشلىۋېتىپ ئۇنلۇك ئاۋازدا يىغلىغان. دەل شۇ ۋاقىتتا ئىلىتىقتىن تۇيۇقسىز ئوق چىقىپ كېتىپ، ئۇنىڭ ئايالىنى ئۆلتۈرۈپ قويغان.

△ 1983- يىلى، نيۇ - يورك شىتاتىدىكى چاگسۇن دېيىلىدىغان بىر خېنىم يۈرەك كېسىلى بىلەن ئۆلگەن بولۇۋېلىپ، جەسەت ساندۇقىغا كىرىپ يېتىۋالغان، ئۇنىڭغا تەزىيە بىلدۈرۈشكە كەلگەن كىشىلەر ئۇنىڭ ئەتراپىغا يىغىلغاندا ئۇ ئۇشتۇمتۇتلا جەسەت ساندۇقىدىن تۇرۇپ كەتكەن، بۇنى كۆرگەن ئۇنىڭ قىزى قورقۇپ كەتكەنلىكتىن شۇ مەيداننىڭ ئۆزىدە جان ئۈزگەن.

△ 1977- يىلى نيۇ- يوركتا بىر ئادەم ئاپتوموبىلغا سوقۇلۇپ كېتىپ، ھېچقانداق يارىلانماي ئورنىدىن تۇرغان، ئۇ بىر يولۇچىنىڭ قۇترىتىشى ئارقىسىدا، يەنە ئاپتوموبىل چاقىنىڭ ئاستىدا يېتىۋېلىپ، يارىلاندى دېگەن نام بىلەن كاپالەتلەندۈرۈش پۇلىغا ئىگە بولماقچى بولغان، شۇچاغدا ئاپتوموبىل تۇيۇقسىز مېڭىپ كېتىپ، ئۇنى بېسىپ ئۆلتۈرۈپ قويغان. (6)

(راخمان ئىمىن تەرجىمىسى)



# خاتا چۈشۈنۈپ قاپسىز

(ھېكايە)

ئەخمەت ئوبۇلقاسىم



ـىشچى ئوبۇل قىلىش توغرىسىدىكى خەۋەر، سائادەتخان ئاچىنى ئالدىرىتىپ قويدى.

ئۇ ئوغلىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى توغرىلىق ھەر خىل خىياللارغا چۆمۈلۈپ ئولتۇراتتى. قاراڭغۇ چۈشۈپ، ئەل ئايىغى جىمىدى، لېكىن سالى ئاخۇندىن تېخىچە دېرەك يوق ئىدى.

ئىشىكنىڭ «جالاق» قىلىپ ئېچىلىشى سائادەتخان ئاچىنىڭ خىيال يىپىنى ئۈزۈۋەتتى.

— تېخى ئۇخلىمىدىڭلارمۇ؟ — دېدى سالى ئاخۇن ئۆيگە كىرىپ كېلىۋېتىپ.

— كۆزۈمگە قانداق ئۇيقۇ كىرسۇن؟ يەنىلا مۇشۇ ئوغلىمىزنىڭ غېمى، باشقىلارنىڭ بالىلىرى باش كۆتەرمەي دەرس تەكرارلاۋاتىدۇ. لېكىن ئەركىننى قانچە قىلسامۇ ئۆيدە ئولتۇرغۇزالـمىدىم. «قاتتىقراق گەپ قىلسام، ھېچنەرسىگە چۈشەنمەيۋاتىدۇ» دېيىشتىن باشقىنى بىلمەيدۇ، سىلىنىڭ ئەھۋاللىرى مانا شۇ تۇرسا، بۇ ئىشتا بېشىم قاتتى، — دېدى سائادەتخان ئاچا خاتىرجەمسىزلىنىپ.

— ۋاي خوتۇن، بۇ ھەقتە مېنى ئويلىمىدى دەمسىلە؟ مەنمۇ شۇ ئىشنىڭ كويىدا يۈرۈۋاتىمەن، — دېدى سالى ئاخۇن.

— يول مېڭىشنىڭ ئالدىدا سىلى بالىغا: «سەنمۇ ماڭا قاراپ تۇرماي ئوبدانراق ئۆگەنگىن، بولمىسا ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەيسەن» دەپ قاتتىقراق گەپ قىلىپ قويسىلا بولمامدۇ؟

— مەن يەنە نېمە دەيمەن؟ ئۆزىدە بار، ئوقۇغان ۋاقتىدىمۇ ئوقۇشقا ئۆزىنى باسمىغان، ئوقۇشى ياخشى، دەپ بىرەر پارچە قەغەزمۇ ئالالمىغان، كەيسە، يېسە، ئوينىسىلا بولىدۇ ئۇنىڭغا، — دېدى سالى ئاخۇن تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ.

— گۇناھنى بالىغىلا ئارتامىلا؟ ئۆزلىرىدىمۇ بار، بەزىدە نەچچە كۈنلەپ مەكتەپكە بارغىلى قويماي، قۇيرۇقلىرىغا چېتىپ يۈردىلە، شۇنىڭ بىلەن دەرستە ئارقىدا قېلىپ، دوستلىرىدىن ئىزا تارتىپمۇ نېمە ئوقۇمايمەن دەپ تۇرۇۋالدى. سىلىنىڭمۇ ئۇنىڭ بۇ كېپى تازا خوش ياقتى، — دېدى سائادەتخان ئاچا ئېغىر خۇرسىنىپ.

— ئوغۇل بالا دېگەننى ئۆزەمگە ھەمراھ قىلىپ بىر ئاز ئىش ئۆگەتكىنىم يامانمۇ؟ — دېدى سالى ئاخۇن سائادەتخانغا ئالىيىپ ...

ئۇلار ئەنە شۇنداق بىر پەس تالاش-تارتىش قىلىشقاندىن كېيىن جىمىپ قالدى.

— نەگە بېرىپ كەلدىلە؟ — دېدى سائادەتخان ئاچا خېلى ۋاقىتتىن كېيىن ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ.

— جىگىلىنىڭ ئۆيىگە، — دېدى سالى ئاخۇنمۇ خىيالىدىن باش كۆتۈرۈپ.

— ئۇ يەرگە نېمىشقا باردىڭلا؟

— جىگەلى بىلەن ئاجۇيجاڭنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كېلەرمىز دېگەن ئىدىم. ئۆيىدە مېھمان باركەن، ئولتۇرۇپ قالدىم، — دېدى سالى ئاخۇن ئالدىدىكى چاينى قولىغا ئېلىپ.

— ئۇياق - بۇياقتا قاتىرىغاندىن كۆرە ئەركىنىنى چىڭراق تۇتساڭلا، ئىمتىھانغا بىر ھەپتىدەك ۋاقىت بار، ئوبدانراق ئۆگەنسۇن، ئاڭلىسام بۇ قېتىم ئىمتىھان ئېلىشقا ۋىلايەتتىن ئادەم كېلىمىش، — دېدى سائادەتخان ئاچا بۇ ئىشنى سالى ئاخۇننىڭ سەمىگە سېلىپ.

— كەلسە - كەلمىسە يەنە شۇ، — دېدى سالى ئاخۇن، — خۇدا بۇيرىسا ئەتە دوختۇرخانىغا بېرىپ، ئاجۇيجاڭنىڭ ئۆزى بىلەن كۆرۈشۈپ كېلەي، ئاشقازان كېسىلى قوزغىلىپ قېلىپ دوختۇرخانىدا ياتقان ئوخشايدۇ...

سائادەتخان ئاچا جاي سېلىپ ياتتى، لېكىن ئۇخلىيالمىدى. چۈنكى بۇ قېتىمقى ئىشچىلىققا قوبۇل قىلىدىغانلار تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ۋە ئىمتىھاندىن ئۆتكەن بولۇشى شەرت ئىدى. ئانىغا ئۆز ئوغلىنىڭ ئەھۋالى بەش قولدەك ئېنىق ئىدى.

ئەتىسى سالى ئاخۇن ئالدى بىلەن ئىدارىگە بېرىپ، ئۆزىگە تېگىشلىك بىر قاتار ئىشلارنى قىلىۋەتكەندىن كېيىن ئۆز پىلانى بويىچە دوختۇرخانىغا بېرىپ ئاجۇيجاڭنى يوقلىدى. ئۇ دوختۇرخانىدا جۇيجاڭنىڭ قىزغىن مۇئامىلىسىگە داخىل بولدى، كەچقۇرۇن خۇشال ھالدا ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. سائادەتخان ئاچا، ئۇنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ ئولتۇراتتى.

— جۇيجاڭ بىلەن كۆرۈشەلىدىڭىزمۇ؟

— كۆرۈشتۈم.

— نېمە دېيىشتىڭلە؟

— ئادەتتىكى پاراڭلارنى قىلىشتۇق.

— بالىنىڭ گېپىنى قىلمىدىڭىزمۇ؟

— ۋاي خوتۇن، نېمانچە غەرەز ئۇقمايدىغانسىلە؟ مەن دوختۇرخانىغا كېسەل كۆرگىلى باردىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە 1 - قېتىم كۆرۈشۈپلا بالىنىڭ گېپىنى قىلسام، «بىر قولدا قويغا قوناق تەگلەپ، يەنە بىر قولدا قويرۇقىنى تۇتقان» دەك ئىش بولۇپ قالامدۇ؟ — دېدى سالى ئاخۇن ئاچچىقلىنىپ.

— نېمە ئېلىپ باردىڭلا؟

— بازاردىنلا پىشۇرۇلغان توخۇدىن بىرنى ئېلىپ باردىم.

— ئەسلىدىنۇ بۇنداق ئىشنى قىلماسلىق بولاتتى. بالىنىڭ ھالىشۇ تۇرسا، نېمە چارە. لېكىن تۇمشۇقىمىزغا يەپ ھەممىدىن قۇرۇق قالمايلى يەنە، — دېدى سائادەتخان ئاچا دىلغۇل بولۇپ، — شۇنداقتىمۇ بۇيولنى ئوبدانراق ئويلىنىپ ماڭسىلا.

— نېمە دەيدىغانسەن؟ مۇشۇ قىزىل پۆكان بار يەردە، ھەممە ئىش بار خوتۇن. ھەر نېمە دېگەن بىلەن «كەپتەرمۇ دان بار خاماننى چۆگىلەيدۇ»، ئىنىدەككە كەلتۈرۈشكە، بىزدىمۇ ئامال بار، — دېدى سالى ئاخۇن كۈلۈپ.

«خۇدا- بەندىسىنى تار يەردە قىستىماس، جۇيجاڭ بېشىمىزنى سىلاپ قويسا بىزمۇ ياندۇرامىز...» سائادەتخان ئاچا ئەنە شۇنداق خىياللار بىلەن ئۇخلاپ قالدى.

لېكىن سالى ئاخۇن كېچىچە كىرپىك قاقماي چىقتى. ئۇمۇ ئوغلى توغرىلىق باش قاتۇرۇۋاتاتتى. چوڭ قىزىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا بۇنچىلىك غەم قىلىپمۇ كەتمىگەن. گەپ ھازىرقى ۋاقىت ئۇ چاغلارغا ئوخشىمايدۇ. سالى ئاخۇن ناھىيىلىك گۆش توڭلىتىش ئىسكىلاتىنىڭ ئامبارچىسى ئىدى. شۇڭا ھەر قانداق كىشىنىڭ ئۇنىڭغا ھاجىتى چۈشەتتى. بولۇپمۇ ھېيت - بايرام، توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يىتىملاردا نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭ ئالدىغا تازىم قىلىپ باراتتى. ئەمما بۈگۈن، دوختۇرخانىغا ئاجۇيجاڭنى ئۆزى ئىزدەپ باردى، چۈنكى ئۇ كىشى، ئەمگەك كادىرلار ئىد-

دارىسىنىڭ باشلىقى ئىدى. سالى ئاخۇن بۈگۈن دوختۇرخانىدا جۇيجاڭنىڭ ئۆزى بىلەن قىزغىن ئەھۋاللاشقانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، خېلى ئۈمىدكە تولدى. كۆز ئېكرانىدىن ھەشەمەتلىك گۆش توڭلىتىش ئىسكىلاتىدىكى قوي ـ كالا گۆشلىرى، ئۆيىدىكى ئەتىۋارلىق گىلەملەر بىر-بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى. ئەگەر جۇيجاڭ ئوغلىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويسا بۇ نەرسىلەرنى ئۇنىڭدىن ھەرگىز ئايىمايدىغانلىقى ھەققىدە شېرىن خىياللارنى سۈرۈپ تاڭغا يېقىن ئۇيقۇغا كەتتى.

كۈن ئىگىلەنگەن، كوچىلاردا ئادەملەر شالاڭلىشىپ قالغان ئىدى. پاكار بويىغا ئۇزۇن ھەم كەڭ يەكتەك كىيگەن، دۇغماق كالتە قولىدا چوڭ بىر قارا سومكا كۆتۈرۈۋالغان سالى ئاخۇن، ئىككى دولىسى ئارىسىغا پاتۇرۇپ قويغاندەك يۇمۇلاق بېشىنى لىكىلدىتىپ، ئائىلىلىكلەر قورۇلىسىغا كەلدى، ئۇ، ئاجۇيجاڭنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىپ ئائىلىسىدە دەم ئېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدى. سالى ئاخۇن ئىشىكنى ئاستا چەكتى. جۇيجاڭنىڭ ئايالى چىقىپ ئۇنى ئۆيگە باشلىدى. ئاجۇيجاڭ ئۇخلاۋاتاتتى.

— قارىسام ئاجۇيجاڭ ئۇخلاپ قاپتۇ، ئۇنى ئويغىتىپ ئاۋارە قىلمايلى، مەن چىقاي، بولسا جۇيجاڭغا ئېيتىپ قويسىلا، ئوغلىمىز ئىمتىھان بەرمەكچى ئىدى. ياردەم قولىنى سۇنۇپ قويار. ھەر قايسىلىرىغا ئازراق كۆڭلىمىز بار ئىدى. ئاز كۆرمەي ئېلىپ قويسىلا، يەنە كېلىمەن. — ئۇ چوڭ سومكىدىكى يىر پاخلاننىڭ گۆشىنى سومكا بىلەنلا قويۇپ قويۇپ، جۇيجاڭنىڭ ئايالى نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرىپ بولغىچە ئىشىكتىن غىپپىدە چىقتى.

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن سالى ئاخۇن تۇيۇقسىز جۇيجاڭنىڭ ئىشخانىسىغا چاقىرتىلدى. ئۇ خۇشاللىقى قېنى-قېنىغا سىغمىغان ھالدا زور ئۈمىت بىلەن، ئۇدۇل جۇيجاڭنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلدى.

— كەلسىلە سالىكا، — دېدى جۇيجاڭ كۈلۈپ تۇرۇپ. جۇيجاڭنىڭ «ئاكا» دەپ چاقىرىشى سالى ئاخۇننى تېخىمۇ روھلاندۇرۇۋەتتى.

— سىلىنى ئاۋارە قىپتىمەن ئاجۇيجاڭ، — دېدى سالى ئاخۇن خۇشامەت بىلەن.

— مەن سىز بىلەن ئوغلىڭىز توغرىلىق سۆزلەشمەكچى، — دېدى جۇيجاڭ ئالدىرىماي تاماكىسىنى ئۇتاشتۇرۇپ.

— شۇنداق، شۇنداق، جۇيجاڭ، ئۆزلىرى بىلىپ بىر يەرگە ئورۇنلاشتۇرالا، — دېدى سالى ئاخۇن ئالدىراپ.

— ئوغلىڭىزنىڭ ئىمتىھانغا قاتنىشىش سالاھىيىتى ئېلىپ تاشلاندى.

— جۇيجاڭ، نېمە دېگەنلىرى بۇ؟، — دېدى سالى ئاخۇن ھەيران بولۇپ.

— چۈنكى ئوغلىڭىز تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇمىغان، ھەتتا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ دىپلومىنىمۇ ئالالمىغان، باشقىلارنىڭ ئىنكاسىغا ئاساسەن سىز ئارقا ئىشىك قىلىپ ئالغان دىپلومنى تەكشۈردۇق. مانا بۇ، مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىسپاتى، — دېدى ئاجۇيجاڭ جوزا ئۈستىدىكى تەكشۈرۈش قەغىزىنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ.

— جۇيجاڭ، مېنى خاتا چۈشىنىپ قالدىلىمۇ نېمە؟ — دېدى سالى ئامبارچى قورۇپ كەتكەن لەۋلىرىنى مىدىرلىتىپ.

— سىزنى خاتا چۈشىنىپ قالغىنىم يوق. بەلكى سىز مېنى خاتا چۈشىنىپ قاپسىز، — دېدى ئاجۇيجاڭ ماتېرىيال ئىشكابىدىن بىر دانە قارا سومكىنى ئېلىپ، — مانا بۇ ئۆزىڭىزگە تونۇشلۇق سومكا، ئىچىدىكى گۆشنى شۇ چاغدىلا بۇزۇلۇپ قالمىسۇن دەپ گۆش دۇكىنىغا ئۆتكۈزۈۋەتتىم، شۇيەرگە بېرىپ ھېسابلىشىۋېلىڭ، سىز ئۇنى ئىسكىلاتتىنلا ئېلىپ كەپتىكەنسىز، شۇنداقمۇ؟

سالى ئاخۇننىڭ دەسلەپ كۆز چاناقلىرى كېرىلدى، كېيىن پۇتلىرى خۇددى سۆڭىكى سۇغۇرۇپ تاشلانغاندەك بوشىشىپ، لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى. (8)



# مەككارنىڭ سۈرىتى

(فېليەتون)

ھەسەن رېھىم

مەلۇم بىر ژۇرنالدا «ئىككى خىل پوزىتسىيە» دېگەن بىر پارچە ھەجۋىي رەسىمنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇنىڭدا يوغان قورساق بىر ئادەم بىر توپ ياشلارغا قولىنى شىلتىپ: «پىرىنسىپ ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر» دەپ ۋەز-نەسىھەت قىلسا، يەنە شۇ ئادەم سۆلەتلىك بىر كىشىنىڭ ئالدىدا: «جانابلىرىغا تەئەللۇق ئىشلار پىرىنسىپنىڭ سىرتىدا» دەپ كۈچۈكلانماقتا ئىدى.

توساتتىن ماقارىپ ئىدارىسىنىڭ سابىق باشلىقى سادىر ئېسىمگە كېلىپ قالدى. ئۇ ئەمەلىيەتتىن كېپى تولا بىر ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ياغلىما گەپلىرىگە خېلى كۆپ كىشىلەر ئالدىنىپ كېلىۋاتاتتى. سادىر ئالدىنقى يىلى چوڭلار ماقارىپىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىلمىي بويىچە ئىشتىن سىرتقى ئالىي ئوقۇش سىنىپىغا ئوقۇغۇچى تاللاش ئىمتىھانىغا يېتەكچىلىك قىلدى. ئىمتىھان رايونى مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپكە ئورۇنلاشتۇرۇلغان، مەن بىر ئىمتىھان مەيدانىغا باش كومىسسىيە ئىدىم. سادىر ئالقىش ساداسى ئىچىدە سۆزگە چىقتى.

— بۇ ئىمتىھاننىڭ قائىدە - تۈزۈمىسى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىمتىھانى بىلەن ئوخشاش، — دېدى ئۇ قاچاندۇر بىر چاغدا ئىمتىھان پىرىنسىپىغا خىلاپلىق قىلغان ئىككى نازارەتچى خادىمنىڭ جازالانغانلىقى ھەققىدىكى يۇقىرىنىڭ ھۆججىتىنى يەتكۈزگەندىن كېيىن، — مانا بۇ ھۆججەتتە ئېيتىلغان مەسىلىلەر ھەممىمىز ئۈچۈن ئاچچىق ساۋاق. ئىمتىھان پىرىنسىپى ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر.

سادىر جۇيجاڭ ئىمتىھان بەلگۈچىلەر، نازارەتچىلەر رىئايە قىلىدىغان قائىدە - تۈزۈملەرنى ئېزىپ چۈشەندۈرگەندىن كېيىن «كىمدە-كىم بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىدىكەن، قاتتىق جازاغا تارتىلىدۇ» — دەپ ئاگاھلاندۇردى. ئىمتىھان ئاخىرلاشتى.

مەن ئىمتىھان قەغەزلىرىنى ئالاقىدار خادىمغا تاپشۇرۇش ئۈچۈن ئەمدى سىنىپتىن چىقىپ تۇراتتىم. ئېگىز بويلۇق بىر ئادەم ئۆزىگە ھەمراھ بولۇپ كەلگەن ئوتتۇرا بويلۇق بىر كىشى بىلەن بىللە ئۇدۇل كېلىپ ئالدىمنى توستى:

— مەن ئىمتىھان بېرىمەن.

— ئىككىنچى قېتىملىق ئىمتىھان چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدە باشلىنىدۇ.

— چۈشتىن كېيىنكىسى ماتېماتىكا ئىمتىھانى، مەن ھازىر تىل-ئەدەبىياتتىن ئىمتىھان بېرىمەن.

— تىل ئەدەبىيات ئىمتىھانى ئېلىنىپ بولدى.

— تىل - ئەدەبىياتتىن ئىمتىھان بەرمىسەم قانداق بولىدۇ؟ مەندىن ئايرىم ئىمتىھان ئېلىۋەتسىلە.

مەن بۇ ھەلەتتى تەلەپكە ھەيران قالدىم. ئوتتۇرا بويلۇق ئادەم قۇلىقىمغا ئاستا پىچىرلاپ:

— بۇ كىشى ئايكۆل يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقى بولىدۇ، — دېدى.

«كىم بولسا مەيلى بەرىبىر مۇمكىن ئەمەس» دەپ ئويلىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە سادىر جۇيجاڭنىڭ ھېلىقى سۆزلىرى ماڭا مەدەت بېرىۋاتاتتى. شۇنداقتىمۇ مەن بۇ كاج پۇتاققا ئىلىنىشىپ ئاۋارە بولغىچە جۇيجاڭنىڭ ئۆتكۈر قىلىچى بىلەن بۇ پۇتاقنى بىر يولى كېسىپ تاشلاپ ئىشنى تۈگەتكەچى بولدۇم، شۇڭا ئۇلارغا:

— رەھبەرلىكنىڭ سەمىگە سېلىپ باقاي، — دەپ جاۋاب بەردىم. مەن جۇيجاڭنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ ئەھۋالنى ئېيتتىم. ئۇ خەت يېزىپ ئولتۇرغان ئىكەن، بېشىنى كۆتەرمەي جاۋاب بەردى:

— قەتئىي بولمايدۇ.

— جۇيجاڭ «قەتئىي بولمايدۇ» دېسەم بولامدۇ؟

— بولىدۇ. مەن چىقىپ كېتىشكە تەمشىلىۋاتاتتىم، جۇيجاڭ يېزىۋاتقان خېتىنى توختىتىپ ماڭا قاراپ دېدى:

— كىم ئىكەن ئۇ؟

— ئايكۆل يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقى ئىكەن. جۇيجاڭ بىر پەس جىم بولۇپ قالدى. ئاندىن تاماكىسىنى كۈچەپ شورىۋالغاندىن كېيىن:

— ئۇ قېشىمغا كىرسۇن، — دېدى. مەن قايتىپ چىقىپ جۇيجاڭنىڭ سۆزىنى ئۇلارغا يەتكۈزدۇم. ئۇلار كىرىپ كەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئورتا بويلۇق كىشى قايتىپ چىقتى. مەن ئۇنىڭدىن سورىدىم:

سۆزلەشتىڭلارمۇ، نېمە دېدى؟

— ئىمىن شاڭجاڭ ساجۇيجاڭنىڭ يېنىدا تىل-ئەدەبىياتتىن ئىمتىھان بېرىۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ. مەن تۇرۇپلا قالدىم.

مەن يەنىلا ھېلىقى ھەجۋىي سۈرەتنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەتتىم. بۇ دەل ئۇستا رەسسام تەرىپىدىن ھەجۋىي قىلىنغان ھېلىقى مەككار جۇيجاڭنىڭ سۈرىتى ئىدى.

كېيىنچە، يەنە ئورغۇنلىغان قۇۋلۇق-شۇملۇقلارنى قىلىپ كەلگەن بۇ مەككار جۇيجاڭنىڭ ئامىمىنىڭ قاتتىق غەزەپ نەپرىتىنىڭ بېسىمى ئاستىدا مەنسۇپىدىن ئېلىپ تاشلانغانلىقىنى ئۇقتۇم. (8)

## ياشلىقىمغا...

(نەسىر)

ئەنەيتۇللا قۇربان

دۇنيادا شۇنداقمۇ كىشىلەر بولىدۇ. ئۇلار ۋاقىتنىڭ ئېقىن سۇدەك تېز ئۆتۈۋاتقانلىقىغا قاراپ ياشلىق مەزگىلىنىڭ ئاخىرلىشىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ. ئەمما ئۇلار، ياشلىق چاغلارنىڭ ئىجاد ۋە كەشپىياتتا مەڭگۈلۈك بولىدىغانلىقىنى ئويلىمايدۇ.

شۇنداق، ئۇلار ئۆتۈپ كەتكەن قىممەتلىك چاغلارغا ھازا تۇتۇش بىلەنلا بولۇپ، ھالال تەر تامچىلىرىنى ئۇنچە قىلىپ يىللار بويىنىغا ئېسىشنى؛ ياش يۈرىكىنى ئەبەدىي يالقۇنلىتىشنى ئويلىمايۋاتىدۇ. قەدىرلىك دوستلار! ئەگەر ياشلىق باھارىڭلارنىڭ مەڭگۈلۈك بولۇشىنى ئويلىساڭلار، ئۇنىڭ ھەر بىر كۈنىگە ئىجاد ۋە كەشپىياتتىن ئۇنچە تاقاڭلار. جەڭگىۋار، جۇشقۇن ياشلىق ئۆتۈپ كەتسىمۇ، ئۇ ئەشۇ كۈنلەرنىڭ گۇۋاھچىسى بولۇپ ئەبەدىي ساقلىنىپ قالىدۇ.

ئىنسان ھەر بىر قەدىمىدە تۇپراق يۈزىگە ئىز قالدۇرغىنىغا ئوخشاش، خەلق قەلبىگە، يىللار قوينىغىمۇ قان-تەر بىلەن مەڭگۈلۈك ئىز قالدۇرۇشى كېرەك. ئەنە شۇ چاغدا ئۆتكەن ھاياتقا پۇشايمان يېمەيدۇ.

قەدىرلىك دوستلار، ھايات گويا ئېقىن سۇغا ئوخشايدۇ، بەزىلەر ياشلىقىدا غەۋۋاس بولۇپ قايناملار قوينىدىن ئۇنچە-مەرۋايىتلارنى يىغسا، بەزىلەر قايناملار ئۈستىدىكى كۆپۈكتەك نىشانسىز پىتىراپ يۈرۈيدۇ. قېنى، سىلەر ياشلىقىڭلاردا دولقۇنلار تەكتىگە شۇڭغۇپ كىرگۈچى غەۋۋاس بولۇشنى خالامسىلەر ياكى دولقۇنلار يۈزىدىكى كۆپۈك بولۇشنىمۇ؟!! (8)



← بىر قان ئاپسا داپ چېلىش



↑ بېكەت




↑ ئورۇن ئالماشتۇرۇش







↑ ئالدىن ئۆتكەن خىزمەت



تېز ئۆزگىرىش ←












(1) كىرىيە ئاياللىرى
(2) باشلىق چاغلار
(3) خىيال سۈرۈش
(4) كۆرۈنۈش
(5) قەلب خۇشاللىقى
(6) يېگى مەيبە

(بۇ بەتتىكى سۈرەتلەرنى ياڭ جىجاڭ، شۈن شۈيۈ، جى بى، جۇ شاۋپى، چېڭ يۈنشاۋ، جۇ ياۋمىنلار ئالغان)





# چېگرا رايوندىكى ئالتە ئۆلكە ئاپتونوم رايون ياشلىرىنىڭ تۇنجى قېتىملىق بەدىئىي سۈرەتلىرىدىن تاللانما



1 2 3 4 5 6 7 8 9 10 11 12 13 14 15 16 17 18 19 20 21 22 23 24 25 26 27 28 29 30 31

**قەدەم تەشرىپ قىلىڭ**

ئورنىمىز: ئۈرۈمچى شەھىرى قىزىلتاغ يېنىدىكى چوڭ كۆۋرۈكنىڭ جەنۇبىدىراق، يەنى ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى خىزمەت بىناسىنىڭ 3- قەۋىتىدە.

**تېلېفون بېرىڭ**

باش مۇھەررىر ئىشخانىسىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 27885
ئويغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 25064
خەنزۇ بۆلۈمى: 25862
مەمۇرىي بۆلۈم: 24544

**ئەسەر ئەۋەتىڭ**

ئادرېسىمىز: كونۋېرتقا مۇنداق يېزىڭ: ئۈرۈمچى شەھىرى قۇرۇلۇش كوچىسى 9- قورا «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى رېداكسىيىسى ئويغۇر تەھرىر بۆلۈمى.

**مۇشتەرى بولۇڭ**

ژۇرنىلىمىزغا ھەر يىلى 2-، 5-، 8-، 11- ئايلارنىڭ 1- كۈنى پەسىللىك، يېرىم يىللىق، يىللىق مۇشتەرى بولغىلى بولىدۇ. ۋاكالەت نومۇرى (50 — 58)